شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2005

3



# بۇلاق

ISSN 1005 0876

06 >

9 771005 087006

源泉(布拉克)

www.uyghurkitap.com





ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

26-يىل نەشرى

ئومۇمىي 102-سان

www.uyghurkitap.com

بەت بوسۇغىسى



ئەي بالام، خالىغىنىڭچە ياشا،
چۈنكى سەن چوقۇم ئۆلىسەن.
خالىغىنىڭنى ياخشى كۆر،
چۈنكى سەن چوقۇم ئۇنىڭدىن ئايرىلىسەن.
خالىغىنىڭنى قىل،
چۈنكى سەن چوقۇم قىلمىشىڭغا بېقىپ
جازالىنىسەن ياكى مۇكاپاتلىنىسەن.

— غەزالى




باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# بۇ ساندا

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«سىددىقنامە» دىن .............................. مۇھەممەد سىددىق رەشىدى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ

## ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدى .............................. مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (20)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## مەشھۇر شەخسلەر

ئىپار ھىد بىلەن تۇغۇلغان ئارىق .............................. ھەمىدخان ئىسلامىي (36)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇھەممەتئىمىن تۇردى

## مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناسلار

رۇسىيەدە ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار ..............................
.............................. تەييارلىغۇچى: ياسىنجان تۇرسۇن (55)

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


لوقمان ھېكىم ھەققىدە ھېكايەتلەر ..........................................

.......................... توپلاپ، رەتلىگۈچى: پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى (68)

ئەقدىرنىڭ چاقچىقى ..........................................

.......................... توپلاپ، رەتلىگۈچى: توختى ئوبۇلقاسىم (73)


## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر


زۇلمەت ئىچىدە نۇر .......................... مىركەرىم ئاسىم (76)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ


## تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


«قۇتادغۇبىلىك» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزى..........

.......................... روبېرت. دانكوف (ئامېرىكا) (86)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەكبەر ئەمەت

قاراخانىيلار .......................... ئۆمەلژان. پىرتساك (گېرمانىيە) (98)

تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۆمەن

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا ........

.......................... مۇھەممەترېھىم سايىت (107)


* *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

*

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ئانا (رەسسام: ئەسقەر تۇردى)

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: نۇرمۇھەممەت ئابلىز ماي بوياق رەسىملىرىدىن

ئۈچىنچى بېتىدە: قەيسەر ھىسامىددىن ماي بوياق رەسىملىرىدىن

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: بۇرۇنقى زاماندا..


تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: (0991) 2827726

E—mail: bulak7@Hotmail.com

# «رەشىدىنامە»①

**مۇھەممەد سىددىق رەشىدى**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ**

## سەككىزىنچى باب. نۇشىرۋان ئادىلنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، كېچە بىلەن كۈندۈز كېلىپ ۋە كېتىپ تۇرىدۇ. يەنى كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئالەم ئىشلىرىنىڭ بۇنداق ئايلىنىپ تۇرۇشىدىن، يەنى بۈگۈن مۇنداق، ئەتە ئۇنداق ئۆزگىرىشلىرىدىن ھەيران بولما. بۈگۈن كەلگەن دۆلەت (ئامەت) نىڭ ئەتە كېلىدىغان قايغۇسىنى ئۇنتۇپ قالما.

خەلق پۇشايمان قىلغان (ئۆزىنى تارتقان) ئىشتىن سەنمۇ ئۆزۈڭنى تارت.

تىنچ، خاتىرجەم ياشاي دېسەڭ، پادىشاھلار بىلەن دوستلاشما.

ئۆز شەخسىيىتى — نەفسى ئۈچۈن ياشايدىغان كىشىنى تىرىكلەر قاتارىدا كۆرمە.

خەلققە ئازار بەرگەن كىشىنى دۈشمەن دەپ بىل.

دوستلىرىڭنىڭ دۈشمىنىنى دوستۇم دېمىگىن.

ھۈنەرسىز (ئىلىمسىز) كىشىنى دوست تۇتما. چۈنكى ھۈنەرسىز كىشى نە دۈشمەنلىككە يارىماس، نە دوستلۇققا.

نادان — ھېچنېمە بىلمەيدىغان تۇرۇپ، ئۆزىنى دانا (بىلىملىك) ھېسابلايدىغان كىشىدىن ئۆزۈڭنى تارت.

باشقىلارغا ھاجەتمەن بولماي دېسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ قىل.

گەرچە كىشىلەرگە ئاچچىق ئاڭلانسىمۇ، راست سۆزلە.

دۈشمەن ئاڭلاپ قالمىسۇن دېسەڭ، دوستۇڭغىمۇ سىرىڭنى ئېيتما.

زامانىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولاي دېسەڭ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما.

خەلق ئارىسىدا قەدىر - قىممىتى يوق كىشىنى تىرىكلەر قاتارىدا سانىما.

جاپا - مۇشەققەتكە قالماي، باي، دۆلەتمەن بولاي دېسەڭ، ھەرقانداق ئىشنى ئويلاپ قىل.

ئۆزۈڭگە پايدىسىز ۋە مەنپەئەتى يوق نەرسىلەرنى ئالما. پايدىسىز ۋە مەنپەئەتى يوق نەرسىلەرنى باشقىلارغىمۇ ساتما.

ئۆزۈڭگە باراۋەر كىشىگە موھتاج بولغاندىن، ئۆلۈمنى خوبراق بىلگىن.

گاداي (يوقسۇل) نىڭ نېنى بىلەن تىرىكچىلىك قىلغاندىن، ئاچلىقتا ئۆلگەن ياخشىراق.

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

تۇر.

كۆڭلۈڭدىكى ئوي - خىيالىڭنى ئىشەنچسىز كىشىلەرگە ئېيتما، ئەمما ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئىشەنچىڭنى ھەم يوقاتما.

ئۆزۈڭدىن تۆۋەن (كەمبەغەل) ئۇرۇق - تۇغقانغا موھتاج بولغاندىن، ئۆلۈم - مۇسىبەتنى ياخشىراق بىل. چۈنكى قۇمۇچاقنىڭ پاناھىدا تىرىكلىك قىلغاندىن، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلگەن ياخشىراقتۇر.

مال - دۇنياغا ھېرىس خۇداجۇي، تەقۋادار ۋە تەكەببۇر زاھىدتىن، ئۇ دۇنيالىقنى تەلەپ قىلغۇچى كەمتەر پاسىق ياخشىراقتۇر.

تېگى پەس ۋە ئىچى تار كىشى كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ، باشقىلارغا شۇ تېگى پەس، ئىچى تار ۋە كۆزى كىچىكلىك نەزەرى بىلەن قارىسا، بۇنداق كىشى دۇنيادا ھەممىدىن نادان كىشىدۇر.

دۇنيادا ئۆزى بىلىپ تۇرۇپ دەۋا قىلىدىغان، يەنى بىلمەسلىككە سالىدىغان ۋە بىلمەي تۇرۇپ يالغان سۆزلەيدىغان، يەنى ئۆزىنى بىلىدىغاندەك كۆرسىتىدىغان ئىشتىنمۇ ئارتۇق گۇناھ بولماس!

بارىنى يوقتا خىراجەت قىلىدىغان، يەنى قولىدىكىنى قولغا كەلمەيدىغان نەرسىگە سەرپ قىلىدىغان كىشىگە ئالدانما.

بىراۋنىڭ ھاجىتى چۈشسە، شۇ ھاجەتنى ئادا قىلغۇدەك قۇدرىتى تۇرۇپمۇ ئادا قىلمىغان كىشى جاھاندا ھەممىدىن نامرات كىشىدۇر.

بىرسى سېنى يامان دېسە، ئۇ كىشىدىن، يەنى سېنى يامان دېگەن كىشىدىن، بۇ سۆزنى ساڭا يەتكۈزگەن كىشىنى يامانراق بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇر.

پايدىسى يوق ئىش ئۈچۈن بىھۇدە ۋاقىت سەرپ قىلغان كىشىنىڭ ھال - ئەھۋالى گويا بىرەر ئەزىز كىشىسى ئۆلۈپ مۇسىبەت يەتكەن كىشىنىڭ ھال - ئەھۋالىغا ئوخشاشتۇر.

يېمەك - ئىچمەكنىڭ قۇلى، يەنى نەپسىنىڭ قۇلى بولغاندىن، كىشىلەر ئېلىپ - ساتىدىغان قۇل بولغان ئەۋزەلدۇر.

ئالەم ئىشلىرىنىڭ تەجرىبە ۋە ئىمتىھانى، يەنى جەمئىيەت پاراسەتلىك قىلالمىغان ھەرقانداق كىشىنى ئەقىل - پاراسەت ۋە ئەدەبكە ئۆگىتىمەن، دەپ ھېچبىر ھۆكۈما رەنج - مۇشەققەت تارتمىغاي!

ھەرقانداق نەرسىنى ئۆز بەدىنىدىن ئاسرىماقتىن، نادانلاردىن ئاسرىماق ئاسانراقتۇر.

باشقىلار مېنى ھۆرمەتلىسۇن دېسەڭ، سەن ئاۋۋال باشقىلارنى ھۆرمەتلە.

ئەگەر سەن مېنىڭ چەككەن رەنج - مۇشەققىتىم (رەنج - مۇشەققەت بىلەن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجەم) خەلق ئارىسىدا زايا بولمىسۇن، يەنى بىكار كەتمىسۇن دېسەڭ، سەن ئاۋۋال خەلقنىڭ رەنج - مۇشەققىتىنى، يەنى خەلقنىڭ رەنج - مۇشەققەت بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئەمگەك مېۋىسىنى زايا قىلما.

ھاياتىڭنى ئاسانلىق - ئاسايىشلىقتا ئۆتكۈزەي دېسەڭ، يۈرۈش - تۇرۇشۇڭ بۆلەك، قىلغان ئىشىڭ بۆلەك بولمىسۇن.

كىشىلەر مېنى دىۋانە، يەنى سارالڭ قاتارىدا سانىمىسۇن دېسەڭ، تېپىلمايدىغان نەرسىنى ئىزدىمە.

كىشىلەر ئارىسىدا ئابرۇيۇم بىلەن ياشاي دېسەڭ، ياخشى خۇيلۇق بولماقنى ئۆزۈڭگە

لازىم تۇت، يەنى ئابرۇيۇم تۆكۈلمىسۇن دېسەڭ، ھايانى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىل.

كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ـ تەنقىدىگە ئۇچرىماي دېسەڭ، قىلمىغان ئىشنى قىلغاندەك كۆرسەتمە، يەنى قۇيرۇق كۆرستىپ، ئۆپكە ساتما.

ئەگەر ئۇياتقا قالماي دېسەڭ، ئۆزۈڭ يەردە قويمىغان نەرسىنى ئۇستۇن كۆتۈرمە. يەنى خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى قىلما.

ئەگەر ئۆزۈڭدىن تۆۋەن كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالماي دېسەڭ، ئۇلۇغلارنى كەمسىتمە.

ئەگەر تۈگمەس پۇشايمانغا قالماي دېسەڭ، كۆڭلۈڭنىڭ خاھىشىچە ئىش قىلما.

ئەگەر ئۇلۇغلار، زېرەك ئادەملەر جۈملىسىدىن بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزگىلەرنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈپ باق.

ئەگەر قەدىر ـ قىممىتىمنى ساقلاي دېسەڭ، ئاۋۋال ئۆزگىلەرنىڭ قەدرىنى بىلگىن.

ئەگەر كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشەي دېسەڭ، پاراسەتسىز، كەم ئەقىل كىشىلەرگە سىرىڭنى ئاشكارا قىلما.

ئەگەر خەلق ئارىسىدا ئابرۇي تاپاي دېسەڭ، ئاش ـ نانىنى، يەنى داستىخىنىڭنى كەڭرى قىل.

ئەگەر خەلق ئىچىدە ئۆزۈڭنى ئازادە تۇتاي دېسەڭ، كۆڭلۈڭدە تەمەگە يول بەرمە، يەنى تەمەگەر بولمىغىن.

كىشىلەرنىڭ دادىغا يەتكۈچىلەردىن بولاي دېسەڭ، ئىمكانىيىتىڭنىڭ بارىچە نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بول.

ئەگەر كىشىلەرنىڭ يامان دېيىشىدىن، يەنى يامان ئاتاقتا قېلىشتىن ساقلىناي دېسەڭ، كىشىلەرنى كەينىدىن ماختا.

ئەگەر خەلق مېنى كۆڭلىدە دوست تۇتسۇن، مەندىن ئاغرىنمىسۇن دېسەڭ، خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە سۆزلە.

ئەگەر كۆڭلۈمگە ئازار ـ زەخمەت يەتمىسۇن دېسەڭ، نادان كىشىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلما ۋە سۆزلەشمە.

ئەگەر تىلىم ئۇزۇن بولسۇن دېسەڭ، قولۇڭنى ئۇچۇق تۇت.

نوشىرۋان ئادىلنىڭ نەسىھەتلىرى شۇ ئىدى. ئېسىمدە بارىچە بايان قىلدىم. بۇ سۆزلەرنى، يەنى نەسىھەتلەرنى ئاددىي كۆرمە، ئوبدان ئوقۇ. بۇ سۆزلەردىن ھېكمەتنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىبارىلەر ھۆكۈمالار ۋە پادىشاھلارنىڭ سۆزلىرىدۇر. شۇنى ئاڭلىغىنىڭكى، بۇ سۆزلەرنى ياش ۋاقتىڭدا ئوبدان ئۆزلەشتۈر. قېرىغاندا ھېكمەت سۆزلىرىنى ئاڭلاش ۋە ئۆگىنىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. چۈنكى قېرىلار ئۆچۈن زامانىنىڭ تەجرىبە ۋە ئىمتىھانلىرى يېتەرلىكتۇر، يەنى قېرىلار نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

## توققۇزىنچى باب. يىگىتلىك ۋە قېرىلىقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، گەرچە يىگىت بولساڭمۇ، ئەقلىڭ قېرىلارنىڭ ئەقلىدەك بولسۇن. بۇ ھەرگىزمۇ يىگىتلىكنى تاشلا دېگىنىم ئەمەس. بەلكى ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، باتۇر بول، بوشاڭ يىگىتلەردىن بولۇپ قالما دېگەنلىكتۇر. يىگىتلىك ۋاقتىدا ئادەمدە بىر خىل شوخلۇق ۋە

www.uyghurkitap.com

بىپەرۋالىقلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەرەستايىش ھەكىم: «يىگىتلىك — ساراڭلىقنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسى (دەرىجىسى) دۇر» دېگەن. ئەمما جاھىل ۋە تۈرۈك (بىلىمسىز) يىگىتلەر جۈملە-سىدىن بولما. گەرچە شوخلۇقنىڭ ھېچبىر زىيىنى بولمىسىمۇ، لېكىن بارلىق بالايى-ئاپەتنى جاھىللىق ۋە تۈرۈكلۈك (ئىلىمسىزلىك) پەيدا قىلىدۇ. يىگىتلىكتىن بەھرە ئالغىن، ئەمما چېكى بولسۇن، يەنى ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمە. بولمىسا، قېرىغاندا ئۆزۈڭنى يىغالمايسەن ۋە توختىتالمايسەن. ياشانغان بىر كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قاراپ باق:

«ئەگەر ۋاقتى يېتىپ قېرىپ كەتسەم قانداق قىلارمەن. ئۇ چاغدا يىگىتلەر، خۇشرۇيلار مېنى خالىمايدىغان بولۇپ قالارمۇ، دەپ نەچچە يىل ھەسرەت تارتىپ غەم يېگەنىدىم. مانا ئەمدى قېرىدىم. بىراق مەن ئۆزۈم ئۇلارنى (يىگىتلەرنىمۇ، خۇشرۇيلارنىمۇ) خالىمايدىغان بولۇپ قالدىم. خالىسامىمۇ ئۇلار كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ.»

— ئەي ئوغۇل، ياش ۋە يىگىتلىك دەۋرىڭدىمۇ خۇدايتائالانى ئۇنتۇما. ئۆلۈمنى ئېسىڭ-دىن چىقارما. ئۆلۈم ياش - قېرىغا باقمايدۇ. ئۆلۈم باشقا كەلگەندە، نە قېرىغىمۇ، نە ياشقىمۇ چارە يوقتۇر:

باقماس ئۆلۈم قارى بىرلە ياشقە،
چارە نەدۇر يەتسە ئۆلۈم باشقە.

**ھېكايەت:**

ھىرى شەھرىدە تىككۈچىلىك ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر كىشى بار ئىدى. دۇكىنى قەۋرىستاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىدى. ئۇ بىر مىخقا بىر كوزىنى ئېسىپ قويغان بولۇپ، قاچانكى كىشىلەر شەھەردىن جىنازا كۆتۈرۈپ كەلسە، شۇ كوزىغا بىر تال تاش سالىدىكەن. ھەر ئايدا بىر قېتىم كوزىدىكى تاشنى تۆكۈپ ساناپ، بۇ ئايدا مۇنچە كىشى ئۆلۈپتۇ، دەپ ھېساب قىلىپ، يەنە كوزىنى ئېسىپ قويىدىكەن. تا يەنە بىر ئاي توشقاندا تۆكۈپ يەنە ھېساب قىلىپ، يەنە يېڭىۋاشتىن بىر جىنازا (ھەربىر مېيىت) ئۈچۈن بىر تال تاش سالىدىكەن. ئۇ (تىككۈچى) نەچچە يىلنى ئۇشبۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپ، بىر كۈنى ۋاپات بوپتۇ. بىر كىشى تىككۈچىنىڭ ئۆلگىنىدىن خەۋىرى يوق ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدى، ئىشىك-نىڭ مەھكەم ئېتىكلىك تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە تىككۈچىنىڭ خوشنىسىدىن:

— تىككۈچى نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى. خوشنىسى دېدىكى:

— ئۇ ھەم ئۆزىنى كوزىغا سالدى.

— ئەي ئوغۇل، ھۇشۇڭ بىلەن بولغىن. يىگىتلىكىڭ ۋە ياشلىقىڭغا مەغرۇرلانما. خاھى تائەتتە بول، خاھى گۇناھ ئىچىدە بول، ھەرقانداق ئەھۋالدا خۇدايتائالانى يادىڭدا تۇت. خۇدادىن مەغپىرەت تىلە. ئۆلۈمدىن قورققىن، يەنى ئەجەلنى يېقىن بىل. گۇناھ يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاشۇ تىككۈچىگە ئوخشاش توساتتىن كوزىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلە.

— ئەي ئوغۇل، ھەمىشە يىگىتلەر بىلەنلا ھەمسۆھبەتتە بولىۋەرمەي، قېرىلار بىلەنمۇ ھەمسۆھبەتتە بولغىن. ھەمراھلىرىڭنى، نەۋكەرلىرىڭنى ھەم يىگىتلەر ھەم قېرىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۇتقىن. ئەگەر يىگىتلەر مەغرۇرلىنىپ بىرەر خاتا سۆز قىلسا، قېرىلار ئۇنى مەنئىي قىلىدۇ. چۈنكى قېرىلار يىگىتلەرگە قارىغاندا كۆپنى بىلىدۇ. ۋەھالەنكى، يىگىتلەر قېرىلارنىڭ ئۆزلىرىگە موھتاج بولىدىغانلىقى سەۋەبلىك، قېرىلارنى كەمسىتىپ زاڭلىق قىلى-

شىدۇ، قېرىلارغا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى قۇسۇر ئىزدەپ ھۆرمەتسىزلىك قىلىدۇ. ھالبۇكى، قېرىلارمۇ يىگىتلىك ئارزۇسىنى قىلىدۇ. ئەكسىچە، يىگىتلەر ھەم شەكسىز قېرىلىق ئارزۇسىدا، يەنى قېرىلاردەك ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇش ئارزۇسىدا بولىدۇ. ئەمما پات ئارىدا راستىنلا قېرىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالىدۇ. بىراق چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈدىغان بولساق، ھەر ئىككىسى — يىگىتلەرمۇ، قېرىلارمۇ بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىشىدۇ. ئەمما، ئۆزلىرىنى ھەممىدىن دانا دەپ ھېسابلايدىغان يىگىتلەر جۈملىسىدىن بولۇپ قالما. قېرىلارنى ئىززەتلە، ھۆرمەتلە. قېرىلاردىن قاتتىق جاۋاب ئاڭلاپ قالماي دېسەڭ، قېرىلار بىلەن سۆزلەشكەندە ھۆرمەتسىزلىك قىلما.

ھېكايەت:

يۈز ياشقا كىرگەن بىر كىشى قەددى پۈكۈلگەن ھالەتتە ھاسىغا يۆلىنىپ تۇراتتى. كېتىۋاتقان بىر يىگىت بوۋاينىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ:

— ئەي شەيخ، بۇ ھاسىنى نەچچە پۇلغا ئالدىڭىز؟ مېنىڭمۇ بىرنى ئالغۇم بار، — دېدى.

شەيخ جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— ئەگەر ئۆمۈر تاپساڭ ۋە سەۋر قىلساڭ ساڭا بۇنداق ھاسىنى بىكارغا بېرىدۇ. ناۋادا شۇنداق ياشاش ساڭا نېسىپ بولسا!؟

ئەمما، ساددا ۋە ئەخمەق قېرىلار بىلەنمۇ ھەمسۆھبەتتە بولما. چۈنكى ئاقىل يىگىتلەر ئەخمەق ۋە نادان قېرىلاردىن كۆپ ياخشىدۇر. تاكى يىگىت سەن، يىگىتلىك ھالەتتە، يەنى يىگىتلەردەك بول. ناۋادا قېرىدىڭ، قېرىلىق ھالەتتە، يەنى قېرىلاردەك بول. چۈنكى، قېرىغاندا يىگىتلىك ياراشمايدۇ. قېرى كىشىنىڭ يىگىتلىك قىلغىنى گويا مەغلۇب بولغان قوشۇننىڭ جەڭدىن قېچىپ كېتىۋېتىپ كارناي چالغىنىغا ئوخشاشتۇر.

ناپاك ۋە پاسىق قېرىلاردىن قورقىن. ياسانچۇق قېرىلاردىن ھەم بولما. يىگىتلەردىن قېرىلارنىڭ قەدىردانلىقى ئۇلۇغراقتۇر. شۇ ۋەجىدىن يىگىتلەر قېرىلىقتىن ئۈمىد تۇتىدۇ. ئەمما قېرىلارنىڭ ئۆلۈمدىن باشقا ئۈمىدلىرى بولمايدۇ. بۇ شۇنىڭغا ئوخشاشكى، زىرائەت پىشىپ ئاقارسا، ئۇنى ئورۇۋېلىش (يەنى يىغىۋېلىش) كېرەك. ئەگەر ئورۇۋالمىسا، تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. مېۋە پىشقاندىن كېيىن دەرەخ ئۈستىدە تۇرمايدۇ، تۆكۈلۈپ يەرگە چۈشىدۇ.

نەزمە:

ئايۇ كۈن ئۆزرە گەر پايتەختىڭ بولسۇن،
ئالەمدە سۇلەيمان كەبى بەختىڭ بولسۇن.
تاشلار تۈگەنسە ئۆمر، ھەرنە رەخشىڭ بولسۇن،
پىشقان مېۋەسىن گەرچە دەرەختىڭ بولسۇن.

ھەرقانداق نەرسە كامالىغا يەتكەندىن كېيىن زاۋاللىققا قايتىدۇ.

— ئەي ئوغۇل، شۇنى بىلگىنكى، سەن مۇنداق ياشلىق ھالىتىڭدە تۇرۇۋەرمەيسەن. ۋاقتىكى، يىگىتلىكىڭ قېرىلىققا ئورۇن بېرىدۇ. ئۇ چاغدا سۆزلىمەك، كۆرمەك، ئىشتمەك (ئاڭلىماق)، پۇرىماق، سىيلىماق (تۇتماق) ۋە تېتىماق قاتارلىقلارنىڭ ئىشكى سېنىڭ يۈزۈڭگە يېپىلىدۇ. ئۇ ھالدا نە سەن تىرىكلىكىڭدىن خۇرسەن بولمايسەن، نە خالايىق سەندىن خۇرسەن بولمايدۇ. ھەتتا باشقىلارغا يۈك بولۇپ قالىسەن. شۇڭا نۆۋىتىدە ئۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلۈم ياخشىراقتۇر. مىسالى، ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئاپتاپقا (قۇياشقا) ئوخشاتساق،

يىگىتلىكنىڭ ئاپتابى (قۇياشى) مەشرىق بۇرجىدۇر. ئۇ سائەتمۇ سائەت يەرگە پاتىدۇ. شۇڭا مەن دەيمەنكى، شېئىر:

پىرلىق ئىلكىدە، ئەي كەيكاۋۇس[1] ئاجىز بولدۇڭ،
ئۆمرى تەدبىرىنى قىلىكى، ئاتمىش ئۈچ ياشلىق كەلدى.

شۇ سەۋەبلىكى، قېرىغان كىشى (گەرچە كۆرگەن — بىلگىنى كۆپ، تەجرىبىلىك بولسىمۇ) ئەقىلدىمۇ، ھەرىكەتتىمۇ يىگىتلەر بىلەن تەڭلىشەلمەيدۇ.

قېرىلارغا يۇمشاق مۇئامىلىدە بول، چۈنكى، قېرىلىق شۇنداق بىر كېسەلكى، ئۇنى ھېچ كىشى كۆرگىلى بارماس؛ قېرىلىق شۇنداق بىر زەئىپدۇركى، ئۆلۈمدىن بۆلەك ھېچ كىشى ئۇنىڭ داۋاسىنى بىلمەس.

قېرى كىشى قېرىلىقتىن ئۆلمىگۈچە ھېچبىر ئاسايىشلىقتا بولالمايدۇ. ئادەم ھەرقانداق كېسەل - ئاغرىققا گىرىپتار بولسىمۇ، شۇ ئاغرىق ئۆلۈمگە تاقالمىسىلا، ساقىيىدۇ. ئەمما، قېرىلىق ئاغرىقى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بارىدۇكى، ئۇنىڭدىن ساقىيىش ئۈمىدىنى تۇتۇپ بولماس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېكمەت كىتابلىرىدىن ئوقۇپ كۆردۈمكى، ئادەم ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرگىچە كۈندىن كۈنگە قۇۋۋەت تېپىپ، بەدىنى كۈچلىنىپ بارىدۇ. ئاندىن كېيىن تا قىرىق ياشقا كىرگىچە ئارتۇق ۋە كەم ئەمەس، شۇ بىر خىل ھالەتتە تۇرىدۇ. گويا قۇياش ئاستا - ئاستا سەير قىلىپ (ئايلىنىپ) ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگىنىگە ئوخشاش.

ئادەم قىرىق ياشتىن ئۆتۈپ تا ئەللىك ياشقا كىرگىچە ھەر يىلى ئۆزىدە ئالدىنقى يىلى ھېس قىلمىغان كەم قۇۋۋەتلىكنى ھېس قىلىدۇ. ئەللىك ياشتىن تا ئاتمىش ياشقا يەتكىچە ھەر ئايدا ئۆزىدە ئالدىنقى ئايدا ھېس قىلمىغان مەلۇم نۇقساننىڭ پەيدا بولىۋاتقانلىقىنى، ئايمۇ ئاي ئاجىزلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئاتمىش ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەر ھەپتە ئۆزىدە ئالدىنقى ھەپتىدە ھېس قىلمىغان مەلۇم ئىللەت ۋە كەم قۇۋۋەتلىك پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ناۋادا سەكسەندىن ئۆتسە، ھەر سائەتتە ئۆزىدە ئالدىنقى سائەتتە ھېس قىلمىغان رەنج، كېسەل - ئاغرىقنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئۆمۈر لەززىتىنىڭ ئىنتىھاسى پەقەت قىرىق ياشقىچىدۇر. ۋاقتىكى، قىرىق يىل تامام بولدى، ئۆمۈر لەززىتىمۇ تامامىغا يەتتى دېگەن سۆز. ھەتتا تۆردىن، يەنى تەختتىن ئورۇن ئالغان پادىشاھ بولسىمۇ، ھەر يىلى، ھەر ئاي، ھەر ھەپتە، ھەر كۈن ۋە ھەر سائەت شۇ تەرىقە بىلەن تۆرنىڭ، يەنى تەختنىڭ يۇقىرىسىغا چىقىپ ئولتۇرسىمۇ، ئوخشاشلا شۇ ھالەتتە شەكسىز ۋە شۈبھىسىز پەسكە، يەنى پەگاغا چۈشمەي قالمايدۇ. شۇڭا ئىمكان بار كىشىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزدە. چۈنكى كىشىگە كەلگەن شۇ رەنج، ئاغرىق ھەپتە، كۈن، سائەت ئۆتمەي ساقىيمۇ كېلىدۇ.

— بەس، ئەي ئوغلۇم، ۋاي كۆزۈمنىڭ نۇرى - بالام. ساڭا قېرىلىق ھەققىدە ئۇزۇن ۋە ئارتۇقچە سۆز قىلدىم. چۈنكى مەن قېرىلىق ئازابىنى يەتكىچە تارتتىم. شۇ تاپتا مېنىڭ دۈشمىنىم - قېرىلىقتۇر. شۇڭا شىكايەت قىلسام سەن ھەيران بولما. مەن پەقەت ئۆز ئورنىدا جاننىڭ ئاپىتى بولغان قېرىلىقتىن ئىبارەت شۇ دۈشمىنىم توغرىسىدىلا شىكايەت قىلدىم. ئەسلىدە بۇنداق شىكايەتنى كىشىلەر كۆپىنچە ئەڭ يېقىن دوستىغا قىلالاتتى. ئەمما مەن ساڭا

[1] ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى.

قىلدىم. ئۈمىدىم شۇكى، ساڭا قىلغان بۇ شىكايەتلىرىمنى پەرزەنتىڭگە قىلىپ بەرگەيسەن؛ چۈنكى سېنى ھەم خۇدايىم پات پۇرسەتتە قېرىلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ. مەن بۇ توغرىدا مۇنداق ئىككى بېيىت پۈتتۈم.

بېيىت:

كىمگە قىلايىن شۇكۇھ بۇ پىرلىقىم دەردىن،
سورىغان كىشى دەر رۇتبە، بۇ دەرد داۋاسىدۇر.

قېرىلىقنىڭ رەنج - ئازابىنى ۋە ئاجىزلىقىنى قېرىلاردىن ئۆزگە كىشى بىلمەيدۇ. پەدەر بۇزرۇكۋارىمنىڭ ياساۋۇللىرىدىن بىرى بار ئىدى. ئۇنى كەلان ياساۋۇل (ئۇلۇغ ياساۋۇل) دەپ ئاتايتتى. ئۇ سەكسەندىن ئاشقان قېرى كىشى ئىدى. ئۇ يۇۋاش ۋە بېسىق بىر ئات ئېلىشنى ئىختىيار قىلغانىدى، ئۇنىڭغا بىر ئات كەلتۈردى. ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ۋە سېمىز، ھەممە ئەزاسى دۇرۇس ئات ئىدى. ئۇلۇغ ياساۋۇل ئاتنى كۆرۈپ ئالمىدى. چۈنكى ئات قېرى ئىدى. ئەمما بۇ ئاتنى باشقا بىر كىشى ئالدى. مەن دېدىم:

— ئەي ياساۋۇل ئاتا، ئۇ ئاتنى پالانى كىشى ئالدى، سىز نېمە ئۈچۈن ئالمايسىز؟

ياساۋۇل دېدى:

— ئۇ ئاتنى ئالغان كىشى ياش يىگىتكەن. ئۇ قېرىلىقنىڭ رەنجى ۋە ئاغرىقىدىن بىخەۋەردۇر. ئەگەر رەڭ - تۇرقىغا قاراپ سېتىۋالسام ئالدانغان بولاتتىم. مەن قېرىلىقنىڭ رەنجى ۋە زەئىپلىك ئاپىتىدىن خەۋىرىم بار تۇرۇپ، بۇ قېرى ئاتنى ئېلىپ بىرەر ئاپەتكە يولۇقسام خەلق مېنى ئەيىبلىمەمدۇ!؟

— ئەمما، ئەي ئوغۇل، قېرىغان ۋاقتىڭدا تىرىشىپ - تىرمىشىپ بىر ئورۇندا قاراز تاپقىن. قېرىغاندا سەپەر قىلىش - ئەقلى بار كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس. خۇسۇسەن، كۈچ - قۇدرىتى يوق يوقسۇل كىشىنىڭ سەپەر قىلمىقى تېخىمۇ دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى قېرىلىق بىر دۈشمەن، يوقسۇزلۇق بىر دۈشمەن. ئىككى دۈشمەن بىلەن بىرگە سەپەر قىلماق نادانلىق جۈملىسىدىندۇر. ئەمما زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ، يەنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ۋەتىنىڭدىن ئايرىلىپ يىراق، باشقا بىر يۇرتقا بېرىش ساڭا نېسىپ بولسا، خۇدايىتائالا شۇ سەپىرىڭگە رەھمەت قىلغاي! ناۋادا شۇ سەپىرىڭ تۈپەيلى غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ساڭا ياخشىلىق قۇچاق ئاچقان بولسا، شۇ تۇپراقنى ئۇلۇغلا، ھەرگىز يۇرتۇڭنى، يەنى يۇرتۇڭغا قايتىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلما. قايسى يەردە مۇرادىڭ ھاسىل بولسا، شۇ يەردە تۇرۇپ قال. يېمەك - ئىچمەك - مەئىشىتىڭ قەيەردە كاپالەتكە ئىگە بولسا، شۇ يەرنى يۇرتۇم دەپ تونۇ. گەرچە «ۋەتەننى سۆيمەك ئىمان جۈملىسىدىندۇر؛ ۋەتەن ئىككىنچى ئانا» دېيىلسىمۇ، سەن كۆچۈپ بارغان ۋەتەن ئوخشاشلا ئىنىڭكىناڭدۇر. بەختىڭ قەيەردە ئېچىلسا، شۇ يەردە ۋەتەن تۇت. بەختلىك ئادەمگە ئالەم قۇچاق ئاچىدۇ. بەختسىز ئادەملەرلا پەقەت ئاتا - ئانىنىڭ ئابرۇيى بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. شۇڭا سەن ئالەمنىڭ قايسى يېرىدە راۋاج تاپساڭ ۋە مەنپەئەتلىنىڭ بىرەر ئىشنى (كەسىپنى) قولۇڭغا ئالساڭ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ تا شۇ كەسىپنى پۇختىلا، ئۇنى مەھكەم تۇت. ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىنى تاپىمەن دەپ، قولۇڭدىكىدىن ئايرىلىپ قالما. چۈنكى تەمەنىڭ كەينى تۈشۈك. ئەمما، ھايات كۈنلىرىڭنى تەرتىپسىز ئۆتكۈزمە. ھەرقانداق ئىش قىلساڭ، ئۆز تەرتىپى بىلەن قىل. ھەتتا تاماق يېيىش، سۇ ئىچىش قاتارلىقلارمۇ تەرتىپ ئىچىدە بولسۇن. ئەگەر دوست - دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئالدىدا مەرتىۋە ۋە

ئابرۇي تاپاي دېسەڭ، سىڭنىڭ ھال ـ ئەھۋالىڭ ئاددىي خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن يۇقىرىراق مەرتىۋىدە بولغاي!

## ئونىنچى باب. تائام يېيىش تەرتىپىنىڭ بايانى

— بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ئاددىي خەلق ئۆز ئىشلىرىدا ۋاقىت ۋە تەرتىپنى ئىزدىمەيدۇ، يەنى ئاددىي خەلقتە ۋاقىت ۋە تەرتىپ قارىشى بولمايدۇ. ئۇلار ئىشلىرىنى خالىغان چاغدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇلۇغلار، ئەھلى ئىلىملەر قىلماقچى بولغان ھەربىر ئىشى ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەيدۇ، يەنى بىر كېچە ـ كۈندۈز يىگىرمە تۆت سائەت بولۇپ، بۇ يىگىرمە تۆت سائەتنىڭ ھەر بىرىنى مەلۇم بىر ئىشقا تەيىن قىلغان بولىدۇ. ھەربىر ئىشنىڭ ئارىلىقىدا مەلۇم ۋاقىت پەرقى ھەم قويغان بولۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ ۋە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ، يەنى ھەربىر ئىشى رەت ـ رېتى بىلەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقى خىزمەتكارلىرىغىمۇ ئاياندۇر. تا ھەر بىر ئىش ئۆز ئورنىدا رەت ـ رېتى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ.

ئەمدى ئالدى بىلەن ئاخشىمى تائام يېيىش ئادەتلىرىنى بايان قىلايلى:

ئاخشىمى تائام يېيىش — بازار خەلقىنىڭ ئادىتىدۇر. بىلىشىڭ كېرەككى، بۇنداق ئادەت تولىمۇ زىيانلىقتۇر. قاچان، قايسى ۋاقىتتا تاپسا، شۇ چاغدا يېيىش — لەشكەرلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئۇلار ۋاقىتقا قارىمايدۇ.

نەدە ئوت ـ سامان بولسا، شۇ يەردە ۋە شۇ ۋاقىتتا يېيىش — ھايۋانلارنىڭ ئادىتىدۇر.

بىر قېتىمدىن ئارتۇق تائام يېمەسلىك، يەنى كۈنىگە بىر ۋاق تائام يېيىش خاسلار ۋە ئۇلۇغلارنىڭ ئىشىدۇر. گەرچە بۇ ئۆزىنى سالامەت تۇتۇشنىڭ يولى بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئوزۇقلانغاندا بەدەن زەئىپلىشىپ كېتىدۇ، ماغدۇرى بولمايدۇ. شۇڭا تاماقلىنىشنىڭ مۇۋاپىق تەرتىپى شۇكى، كاتتىلار ۋە ئۇلۇغلار ئەتىگىنى خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ ئازراق تائام يەپ، يەنى ناشتا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولمىقى لازىم. تا ناماز پىشىن (چۈش ۋاقتى) بولغاندا قائىدە بويىچە ئىشنى تاماملىغا يەتكۈزۈپ، تائام ـ كاسىلارنى ھازىر قىلىپ، تاماقلانماق كېرەك. تائام يېگەندە ئىمكان قەدەر ئالدىرىماي ئاستا يېيىش لازىم. تائام يەۋېتىپ ھەمداستىخانلارغا، يەنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئولتۇرغان كىشىلەرگە گەپ قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، بېشىڭنى تۆۋەن قىلىپ سۆزلە، كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە ياكى تائامغا قاراپ تۇرۇپ سۆزلىمە. ئاڭلىشىمچە:

پادىشاھ ساھىب ئاباد ئۆز كىشىلىرى بىلەن تائام يەپ ئولتۇرغانىدى. بىر كىشى قاچىسىدىن بىر لوقما تائامنى ئېلىپ ئاغزىغا سالماقچى بولدى. ساھىب ئاباد ئۇ كىشىنىڭ ئاغزىغا سالماقچى بولغان لوقمىسىدا بىر تال قىل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كىشىنىڭ بۇنىڭدىن، يەنى لوقمىسىدا قىل بارلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ساھىب ئاباد:

— ئەي پالانى، لوقمىڭىزدىكى قىلنى ئېلىپ تاشلاڭ، — دېدى. ئۇ كىشى لوقمىنى قاچىسىغا سېلىپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى تەمشەلدى. ساھىب ئاباد:

— ئەي پالانى، مېھماندارچىلىق ئاخىرلاشماي تۇرۇپ، داستىخىنىمدىن نېمە ئۈچۈن تۇرۇپ كەتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى دېدىكى:

— قولۇمغا ئالغان لوقمىدىكى قىلنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىنىڭ تائامنى يېمەك مەكرۇھدۇر.

بۇ سۆزدىن ساھىب ئاباد خىجىل بولدى.

— ئەي ئوغۇل، سەن ئاۋۋال ئۆزۈڭگە مەسئۇل بولۇپ، تائام يېيىشكە تەييارلىنىپ ئولتۇر. ئاندىن تائام كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغىن. ئۇلۇغلاردا تائام تارتىشنىڭ قائىدە – يوسۇنى ئىككى تۈرلۈكتۇر: بەزىلىرى تائامنى ئاۋۋال ئۆزىگە قويۇپ، ئاندىن مېھمانغا تارتىدۇ؛ بەزىلىرى ئاۋۋال مېھمانغا تارتىپ ئاندىن ئۆزىگە قويىدۇ. مانا بۇ ئەڭ مۇۋاپىق قائىدىدۇر. ھەم ئالىيجاناپلىق، سېخىيلىق تەرىقىسىدۇر. ئاۋۋالقى قائىدە بولسا، سەييىد – خوجىلار رەسمىدۇر. ئەمما ئاش تارتىلغاندىن كېيىن، داستىخاننى يىغىۋېتىشكە ئالدىراپ پەرمان چۈشۈرمە، مېھمان ئالدىرىماي يەپ تويسۇن. داستىخاننى ھەممىسى تائامدىن قول يىغىپ بولدى قىلغاندا ئاندىن يىغقان تۈزۈك. ئىمكان بار داستىخاندىكى تائام يېيىلىپ تۈگىسۇن. ناۋادا سېنىڭ ئالدىڭدا تائام بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۈگىگەن بولسا، ئۇلارغا ھەم ئالدىڭدىكى تائامدىن نېسىۋە بەرگىن. تائام يەۋاتقاندا قاپىقىڭ تۈرۈلۈپ، چىرايىڭ تۈتۈلۈپ قالمىسۇن. تائام ئۈستىدە تائامغا چوڭلاردىن ئىلگىرى قول سالما ھەم باشقىلار بىلەن جېدەللەشمە. چۈنكى ئۇ ياخشى ئادەت ئەمەس. بۇ توغرىدا كېيىنكى بابتا يەنە توختىلىمىز. قاچانكى تائام يېمەكنىڭ تەرتىپىنى بىلگەن بولساڭ، ئەمدى شاراب ئىچمەكنىڭ تەرتىپلىرىنى بىل ۋە ئاڭلا.

## ئون بىرىنچى باب. شاراب ئىچمەكنىڭ بايانى

— بىلگىن، ئەي ئوغۇل، شاراب ئىچىشنىڭ تەرتىپلىرى توغرىسىدا نەچچە كەلىمە بايان قىلاي: مەن ساڭا شاراب ئىچكىن دېمەيمەن. ئىچمىگىن ھەم دېمەيمەن. چۈنكى يىگىتلەر يىگىت ۋاقتىدا كىشىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايدۇ. قىلمەن دېگەن ئىشىدىن يانمايدۇ. [چوڭلار] ماڭا ھەم شاراب ئىچمە، دەپ نۇرغۇن قېتىم ئېيتقان. لېكىن مەن ئاڭلىمىغانىدىم. تا ئەللىك يېشىدىن كېيىن خۇدايتائالانىڭ رەھمىتى مېنى تۆۋىگە مۇشەررەپ قىلدى. ناۋادا سۆزۈمنى ئاڭلاپ شاراب ئىچمىسەڭ ئىككىلا ئالەمدە يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ: بىرى، ھەقتائالانىڭ رازىلىقىغا مۇيەسسەر بولىسەن؛ يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن، نادانلار بىلەن ھەمداستىخان بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالىسەن. قولدىن كەلمەيدىغان – مۇمكىن بولمايدىغان قىلىق ۋە ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىشتىن ساقلىنالايسەن. ئىشلىرىڭ كۈنسايىن ياخشىلىق بىلەن روناق تاپىدۇ. لېكىن يىگىت سەن، بىلىمەنكى، يامان ھەمراھلىرىڭ سېنىڭ ئىچمىگىنىڭگە قويمايدۇ. شۇڭا «يامان سۆھبەتداشتىن تەنھالىق ياخشى، يەنى يامان كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرغاندىن تەنھا ئۆتكەن ياخشى» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. ناۋادا شاراب ئىچىپ قالساڭ، كۆڭلىڭنى تۆۋە بىلەن تۇت. قىلغان تۆۋەڭ ئۈچۈن ھەقسۇبھانە ۋەتائالادىن تەۋپىق تىلە. سەھۋەنلىكلىرىڭدىن ھەمىشە پۇشايمان قىل. قىلغان تۆۋەڭ ۋە پۇشايمانلىرىڭنىڭ بەدىلىگە ھەقسۇبھانە ۋە تائالا پەزلى كەرىمى بىلەن ساڭا تەۋپىق نېسىپ قىلغاي!

مەيزاب (شاراب) ئىچمەكچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۇنى قايسى تەرىقىدە ئىچىدىغانلىقىنى بىلىۋال. ئەگەر تەرتىپ – قائىدىلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ ئىچسەڭ، ئىچكەن شاراب سەن ئۈچۈن ئوغا بولىدۇ. تەرتىپلىرىنى بىلسەڭ، دەرھەقىقەت، ئۇ سەن ئۈچۈن تەرياك (زەھەر قايتۇرغۇچى دورا) بولىدۇ. يېمەك – ئىچمەك – تائام ۋە شارابلارنى كۆرۈپ ھەددىدىن زىيادە ئىچسەڭ ۋە يېسەڭ ئۇ زەھەرگە ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن، نەزمە:

ئەگەر تەرياك بولسۇن بولغۇسى زەھەر،
ئەگەر ئىچسە تاشقارى ئەندازەسىدىن.

ناۋادا تائام يېگەندىن كېيىن ئۇسساپ كەتسەڭ، ئۈچ مەرتىۋە ئۇسسۇلۇق ئىچىپ ئاندىن مەيزاب ئىچ، يەنى ئۇسسۇلۇق ئىچمەي تۇرۇپ مەيزاب ئىچمە. ئەگەر ئۇسسىمىغان بولساڭ، تائامدىن كېيىن ئۈچ سائەت تەخىر قىل. ئاندىن مەيزاب ئىچسەڭ بولىدۇ. ئەگەر كىم، ئاشقازان قۇۋۋەتلىك، يەنى كۈچلۈك ۋە ياخشى بولسا، قانچىلىك تائام يېگەن ۋە قانچىلىك شاراب ئىچكەن بولىشىدىن قەتئىينەزەر، يەتتە سائەتتە ھەزىم قىلىنىپ بولىدۇ، يەنى ئاشقازان مەيدىدىكى يېمەكلىكنى ئۈچ سائەتتە پىششىقلايدۇ، يەنى ئۈچ سائەتتە تائامنىڭ قۇۋۋىتىنى سۈزۈۋېلىپ جىگەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. جىگەر باشقا ئەزالارغا تەقسىم قىلىدۇ. جىگەر تەقسىم قىلغۇچى ئەزادۇر. يەنە بىر سائەتتىن كېيىن قالغان كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئۈچەيگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاشقازان سەككىزىنچى سائەتتە ئەسلى ھالىتىگە قايتىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئۇنى ئاشقازان ئەمەس، قاپاق دېيىش كېرەك. شۇڭا تائام يەپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن مەيزاپ (شاراب) ئىچسەڭ ھەم تائامدىن بەھرە ئالالايسەن، ھەم شارابتىن ھوزۇر تاپالايسەن.

— ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، شاراب ئىچىدىغان خوش تەبىئەت مەيپەرەسلەرنىڭ ئۈچ تۈرلۈك قائىدىسى بولىدۇ:

بىرى، «سەلاسەئى غەسساله» (ئۈچ قېتىم يۇيۇش)؛ يەنە بىرى، «خەمسەئى هازىمە» (بەش قېتىم ھەزىم قىلىش)؛ ئۈچىنچىسى، «سەبئەئى نايىمە» (يەتتە قېتىم ئۇخلىتىش). ئۇلارنى بۇ يەردە بايان سەھىپىسىگە سىزماق ۋە تەقدىر رىشتىسىگە تىزماق لازىم كەلدى:

«سەلاسەئى غەسساله» (ئۈچ قېتىم يۇيۇش) دېگىنى شۇكى، ئەيش - ئىشرەتتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان مەيخورلار شاراب بەزمىسى قۇرماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۈچ پىيالە ئىچىۋالىدۇ. بۇ ئۈچ پىيالە مەينى ئۇلار ئۆز چۈشەنچىلىرى بويىچە «غەسساله» (پاك قىلغۇچى) دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاۋۋال ئىچىۋالغان بۇ ئۈچ پىيالە مەي دىلنى غەشلىكتىن پاك قىلىپ كۆڭۈلنى كۆتۈرۈپ، كىشىنى ھوزۇرلاندۇرۇپ، كەيپىنى چاغ قىلارمىش؛

ئىككىنچى قەدەمدە نۆۋەتنى «خەمسەئى هازىمە»گە بېرىشىدۇ، يەنى ئىشتىها بىلەن يېمەكلىككە تۇتۇش قىلىدۇ. بۇ مەيپەرەسلەرنىڭ يەنە بىر قائىدىسى بولۇپ، تويۇنۇپ يېيىلگەن بۇ غىزا ئۇلارنىڭ قارىشىچە ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاپ، زەھەر قايتۇرغۇچى دورىغا ئوخشاش كىشىگە مەجۇنى ياقۇت (ياقۇت ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان كەيىپ قىلغۇچى دورا) مەسىللىك خاسىيەت بېرەرمىش؛

ئاندىن كېيىن نۆۋەت «سەبئەئى نايىمە»گە كېلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مەي ئىچىشتىكى ئۈچىنچى تۈرلۈك قائىدىسى بولۇپ، يەتتە پىيالە مەي بىلەن مەيخور ئۆزىنى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان، ئاڭقىرالمايدىغان ھالەتتە بىخودلۇق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈپ تەلۋىلىك تەكىيىسىگە باش قويارمىش.

ناۋادا مەيخورلۇقنىڭ بۇ ئۈچ تۈرلۈك قائىدىسى بويىچە مەي ئىچىش توغرا كەلسە!! شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت: «سەلاسەئى غەسسال»نى نامازدىگەر بىلەن باشلا. تا بەشىنچى ۋە يەتتىنچىسىگە يېتىپ مەستلىك ۋە بىئىختىيارلىق سېنى ئەسىر قىلغىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ، كىشىلەرنىڭ ئايىغى بېسىقىدۇ. كىشىلەر سېنىڭ مەست بولۇپ قالغان ھالىتىڭنى كۆرمەيدۇ. ناۋادا مەست بولۇپ قالساڭ، بەدخۇيلۇق قىلما. مەستلىكتىكى بەدخۇيلۇقنى ھېچبىر تائىپە

خوب كۆرمەيدۇ. ئىمكان بار باغلاردا، سەھرالاردا مەي ئىچمە، غېرىپ بولۇپ قالىسەن. غېرىپ، مۇساپىرنىڭ ئىلكى ھېچيەرگە يەتمەيدۇ. ئەگەر مەي ئىچسەڭ مەست بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆيۈڭگە قايت. مەستلىكنى ئۆيۈڭدە قىل، يەنى مەست بولغۇڭ كەلسە، ئۆيۈڭدە بول. چۈنكى ئۆت تامنىڭ سايىسى دەرەخ سايىسىدىن ياخشى. كىشى ئۆز ئۆيىدە گويا پادىشاھقا ئوخشايدۇ. يەنە بىرى، مەينى ھەر كۈنى ئىچىشتىن پەرھىز قىل. ئىچسەڭمۇ ئارىلاپ ئاز ئىچ. ئىككى - ئۈچ پىيالە بىلەن توختاپ قال. تويۇنۇپ تائام يېيىش ۋە مەست بولغۇچە مەي ئىچىشتىن پەرھىز قىل. تويۇنۇپ تائام يېيىش ۋە مەست بولغۇچە مەي ئىچىش — ھەر ئىككىلىسى سالامەتلىككە زىيانلىقتۇر. مەستلىكتە ئىككى تۈرلۈك ئىش يۈز بېرىدۇ: بىرى، ئاغرىق، يەنى شاراب تەسىرىدىن مېڭە، جىگەر، يۈرەك زەھەرلىنىپ، بېشىڭ ئاغرىپ ساغلام بەدەننى زورلاپ كېسەلگە گىرىپتار قىلىسەن؛ ئىككىنچىسى، سارائىلىق، يەنى شاراب ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن پۈتۈن ئەزالىرىڭ ئىختىيارسىز ھەرىكەتكە كېلىدۇ: تىلىڭ دېمەيدىغاننى دەيدۇ، پۇتۇڭ بارمايدىغان جايغا بارىدۇ. قولۇڭ تۇتمايدىغاننى تۇتىدۇ. كۆزۈڭ قارىمايدىغانغا قارايدۇ. ئاغزىڭ يېمەيدىغاننى يەيدۇ، ... شۇنداق قىلىپ ئۆز ئەزالىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىڭنى يەرگە ئۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا رەسۋا بولىسەن.

— ئەي ئوغلۇم، ماڭا مەلۇم، سەن مەيزاپتىن قول يىغالمايسەن. نەسىھىتىمنىمۇ قوبۇل قىلالمايسەن. شۇنداقتىمۇ ئىمكان بار تىرىشىپ كۆر. بىلىپ - بىلمەي مەست بولۇپ قالساڭ «سۇبۇھى» (مەستلىكنى يېشىدىغان ئەتىگەنلىك شاراب) ئىچمە. يەنى ئەتىگەندە ئورنۇڭدىن تۇرۇپلا شاراب ئىچمەكنى ئادەت قىلما. بۇنىڭ زەرىرى ناھايىتى يامان. بۇ خىل ئادەتنى ھۆكۈمالار ۋە ئەقىل ئىگىلىرى خوب كۆرمەيدۇ. ئەتىگەندە شاراب ئىچسەڭ بىرى، بامدات نامىزىنى قازا قىلىسەن؛ يەنە بىرى، كۈندۈزى ياكى ئاخشىمى ئىچكەن شارابىڭ مېڭەڭدىكى گاز تەسىرى تېخى يوقىمىغان بولغاچقا، ئەتىگەنلىك شارابىڭ گاز تەسىرى بىلەن بىرلەشسە مالىخولىيا (ئەقىلدىن ئازغان نېرۋا كېسىلى) غا گىرىپتار بولىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخشىمى شاراب ئىچسەڭ ئۇيقۇدىن مەھرۇم بولىسەن. ئۇ ھالدا باشقىلار ئۇخلىغاندا سەن ئويغاق، باشقىلار ئويغانغاندا سەن ئۇخلايدىغان ئەھۋال روي بېرىدۇ. چۈنكى كېچىسى ئۇخلىمىغاندىن كېيىن كۈندۈزى ئۇخلىماي چارە يوق. كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ ئۇخلىمىساڭ، مىجەزىڭ ئوساللىشىپ كېتىدۇ. پۈتۈن بەدىنىڭ ئاجىزلىشىپ پۇشايمانغا، ئاغرىق ئازابىغا قالىسەن. ناۋادا مەيزاب ئىچىشكە ھېرىس بولساڭ، ھەرگىزمۇ ئازنا (جۈمە) كېچىسى ۋە ئازنا كۈنى ئىچمە. مەيزاب ئىچىش ئەسلىدىلا ھارام. شۇنداقتىمۇ ئازنا كېچىسى، ئازنا كۈنى شاراب ئىچىشكە ئادەتلەنمە. ئازنا كۈنى ھۆرمەت ساقلا. ئەگەر ئازنا كېچىسى ۋە ئازنا كۈنى ھۆرمەت ساقلاپ شاراب ئىچمىسەڭ، خەلقنىڭ كۆڭلى سەندىن بىر ھەپتە خوش بولىدۇ؛ تىلى سېنى ئەيىبلەشتىن بىر ھەپتە توختايدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ جاھاندا ساۋاب تاپىسەن. بەلگىلىك رىزىققا ئېرىشەلەيسەن.

## ئون ئىككىنچى باب. مېھمان بولماق ۋە مېھمان قىلماقنىڭ بايانى

— بىلگىن، ئەي ئوغۇل، يات (سىرداش بولمىغان) مېھماننى مېھماندارچىلىققا (زىياپەتكە) چاقىرما. چاقىرىش توغرا كەلسىمۇ ھەر كۈنى چاقىرما. چۈنكى ھەر كۈنى چاقىرساڭ،

www.uyghurkitap.com



مېھماننى كۈتۈلمىگەندەك كۈتەلمەي، مېھمانلىق ھەققىنى ئوبدان ئادا قىلالمايسەن. بىر ئايدا نەچچە مەرتىۋە مېھمان چاقىرماقچى بولساڭ، مەسىلەن، بەش قېتىم قىلماقچى بولغان مېھماندارچىلىقىڭنى يىغىپ بىر قېتىم قىل. يەنى بەش قېتىملىق زىياپەت ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان خىراجەتنى يىغىپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن بىر قېتىملىق زىياپەت ئۈچۈن سەرپ قىل. تاكى سېنىڭ مېھماندارچىلىقىڭ (زىياپىتىڭ) ھەممە ئەيىبتىن خالىي بولسۇن ۋە سەندىن (سېنىڭ مېھماندارچىلىقىڭدىن) ئەيىب ئىزدىگۈچىلەرنىڭ تىللىرى قىسقارسۇن.

قاچانكى، ئۆيۈڭگە مېھمان كەلسە، ھەر بىرىگە ئۆز لايىقىدا ھۆرمەت بىلدۈرگىن ۋە ھەرقايسىسىغا ئۆز ئەھۋالى بويىچە يېقىنچىلىق كۆرسەت، ئىززەتلە. بۇ توغرىدا شۇكۇر بەلخى مۇنداق دېگەن، نەزمە:

گەر، ئەي دوست، مېھمان ساڭا بولسە دوست،
ئاڭا مىزبانلىقنى① قىلغىل دۇرۇست.

ئەگەر مېۋە پىشقان مەزگىل بولسا، نان (تائام) يېمەستىن ئىلگىرى مېھماننىڭ ئالدىغا ئالدى بىلەن ھۆل مېۋە قوي ۋە بىرەر سائەت تەخىر قىلىپ، ئاندىن تائام كەلتۈر. ئۆزۈڭ داستىخاندا ئولتۇرۇۋالما. ئەگەر مېھمانلار سېنى بىللە ئولتۇرۇشقا تەلەپ قىلسا، بىللە ئولتۇرغىن ۋە سائادەت بىل. ئەمما، «مەن خىزمىتىڭىزلەرنى قىلاي، سىزلەر تائامغا مەيىل قىلىڭىزلار» دېگىن. بىز بىلەن بىللە ئولتۇرغىن دەپ تەكرار تەكلىپ قىلسا، ئولتۇرۇپ ئۇلار بىلەن بىرگە تائام يېگىن. يەنى مېھماندىن تۆۋەندە — پەگادا ئولتۇرغىن. بىراق مېھمان ئۇلۇغلاردىن (كاتتىلاردىن) بولسا، ئولتۇرۇۋېلىش ئەدەب جۈملىسىدىن ئەمەس. ھەدېسىلا: «تاماق ئوخشاپتۇ، ئېلىڭلار، ئېقىڭلار، ھېچنېمە يېمىدىڭىز، خىجىل بولماڭ، سىزنىڭ لايىقىڭىزدا بىر ئىش قىلالمىدىم. كېلەر قېتىمدا تولۇقلىدۇۋالارمەن، ...» دېگەنگە ئوخشاش تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلمىۋەرمە. بۇنداق سۆزلەر ھېممەت ئەھلى قىلىدىغان سۆزلەر ئەمەس. بۇ خىل سۆزلەر نەچچە يىلدا بىر قېتىم مېھمان چاقىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزىدۇر. شۇڭا بۇنداق تەكەللۇپ سۆزلىرىڭدىن ئولتۇرغان مېھمانلار خىجىل بولۇپ، تويغۇدەك تائام يېيەلمەيدۇ. مېھمانلار سېنىڭ داستىخىنىڭدىن تويغۇدەك تاماق يېيەلمەي كېتىپ قالسا، بۇمۇ ياخشى ئەمەس. گىلان شەھىرىنىڭ مېھماندارچىلىق قائىدىلىرى ماڭا تولىمۇ خوب كۆرۈنىدۇ:

قاچانكىم مېھمان چاقىرغان بولسا، ئاۋۋال ئۇسسۇلۇق ۋە تۈرلۈك تائام تەييارلاپ، ساھىبخان ياكى خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئىشىكتە تۇرۇپ مېھماننى تۆرگە باشلايدۇ. يەنە بىر - ئىككى كىشى قاچا ئەكىلىش ۋە بىكار بولغان قاچىلارنى ئاپىرىۋېتىش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ تۇرىدۇ. زىياپەتكە كەلگەن ھەربىر مېھمان ئۆز خاھىشى (ئۆز ئىختىيارلىقى) بويىچە يەپ - ئىچىدۇ. مېھمانلار تويۇنۇپ قوللىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن گۇلاب (گۇل سۈيى) ۋە ئەتىر كەلتۈرۈپ خۇش بۇي قىلىدۇ.

— ئەي ئوغۇل، شۇنىمۇ بىلگىنكى، مېھماندارچىلىقتا مېھمانلارنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە قۇللىرىغىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش لازىم. ياخشى نامىڭ شۇلار ئارقىلىق ئاشكارا بولىدۇ. مۇمكىن بولسا، خۇش ئاۋاز ھاپىزلار (ناخشىچىلار) ۋە ئۇستا سازەندىلەرنى تەكلىپ

---

① مېھمان كۈتۈش مەرتىۋىلىرى.

قىل. مېھمانلارغا مەيزاب (شاراب) قۇيماقچى بولساڭ، قوبدىنىنى قۇيغىن، مېھمانلار ئەتى-دىن ئاخشامغىچە تائام يېيىش بىلەنلا بولۇپ قالمىسۇن. ئارىلاپ شاراب ئىچىپ ۋە ئۇسسۇل ئويناپ تۇرغاي. ناۋادا مېھماندارچىلىق جەريانىدا يېمەك-ئىچمەكتە نۇقسان بولسىمۇ، بۇنداق ئەيىب-نۇقسانلار شاراب ۋە ئۇسسۇلنىڭ كەيپىدە مەلۇم بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، شاراب ئىچىش گۇناھتۇر. ئەمما گۇناھ قىلغانىكەنسەن، يەنى شاراب ئىچكەنىكەنسەن، شۇ گۇناھنى بىمەزە قىلما. ئىچكەن شارابىڭ — بەزمەڭ كۆڭۈللۈك بولسۇن. كۆڭۈللۈك ئىچكەن شۇ شارابنىڭ لەززىتى تۇپەيلى قىيامەتتە تاياق يەپ دەرت تارتساڭمۇ ئەرزىسۇن! شاراب ئىچمەكچى بولساڭ، قوبدىنىنى ئىچ؛ نەغمە ئاڭلىماقچى بولساڭ، قوبدىنىنى ئاڭلا. مۇبادا ھارام ئىشنى قىلىپ سالساڭمۇ، كىشىگە ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنتۇما. ئۇ دۇنيالىقىڭ گۇناھلىق بولسىمۇ، بۇ جاھاندا كىشىلەر ئارىسىدا ئەيىبلىك ۋە يامان ئاتلىق بولمايسەن. يەنى قىلغان شۇ ياخشىلىقىڭ تۇپەيلى كىشىلەر ھارام ۋە گۇناھلىق ئىشلىرىڭنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەپ كەتتىم. شۇنداقتىمۇ يەنە ئاڭلاپ قوي:

سېنىڭ مېھماندا ھېچ ھەققىڭ يوق. ئەمما مېھماننىڭ سەندە ھەققى كۆپتۇر. ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، شاھ مۇقلىنىڭ ئوغلى مەنسۇر تەممىمنىڭ ئوغلى نەسىر دېگەن ۋەزىرگە بەسرەھنىڭ ھاكىملىقىنى بەرگەنىدى. بىر يىلدىن كېيىن چاقىرتىپ ھېسابات ئىشلىرىنى سورىدى. نەسىر ھېسابسىز باي كىشى ئىدى. خەلىپىنىڭ پۇل-مالدىن تەمەيى بار ئىدى. شۇڭا تەكشۈرۈش قىلىپ نۇرغۇن پۇل-مالنىڭ ھېسابىنى چىقاردى. ئاندىن شاھ مۇقلىنىڭ ئوغلى:

— بۇ پۇل-مالدىن ماڭىمۇ بەرگىن، بولمىسا زىندانغا سالىمەن، — دېدى. نەسىر دېدىكى:

— ئەي مەۋلانا، مېنىڭ مال-مۈلكۈم ھەقىقەتەن كۆپ. ئەمما ھازىر بەرسەم بولمايدۇ. ماڭا بىر ئاي مۆھلەت بەرگىن. مۇنچىلىك مال ئۈچۈن زىندانغا تاشلىساڭ ئەرزىمەيدۇ.

مۇقلىنىڭ ئوغلى كۆڭلىدە: «راست، مۇنچىلىك پۇل-مالنى بىرىۋېتىش نەسىر ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس» دەپ ئويلاپ دېدىكى:

— ئەمىرۇل-مۇئمىنىندىن پەرمان بولمىغىچە، بۇ پۇل-مالنى بەرمەي تۇرۇپ ئۆز جايىڭغا قايتساڭ بولمايدۇ. تا بۇ پۇل-مېلىڭنى بىر تەرەپ قىلغىچە، بۇ يەردە — مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇپ، ماڭا مېھمان بولغىن.

— پەرمانىڭىزدىن چىقماسمەن، — دەپ نەسىر مۇقلىنىڭ ئۆيىدە بىر ئاي مەھبۇس بولۇپ ئولتۇردى. بۇ چاغ دەل رامىزان ئېيىنىڭ ئاۋۋىلى ئىدى، كەچ بولدى. مۇقلى خىزمەتكارغا بۇيرۇدى:

— نەسىرنى چاقىرىپ كەل. ھەركۈنى مەن بىلەن بىرگە ئىپتار قىلسۇن.

نەسىر بۇ بىر ئاي ئىچىدە مۇقلى بىلەن بىللە ئىپتار قىلدى.

ۋاقتىنكى، ھېيت بولدى، نەچچە كۈن ئۆتتى. مۇقلى نەسىرگە:

— ئۇ پۇل-مالنى تاپشۇرىدىغان ۋاقتى بولدى. بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى نەدىن-نەگىچە، — دەپ كىشى ئەۋەتتى. نەسىر دېدىكى:

— مەن بۇ پۇل-مالنى بېرىپ بولدۇم. مۇقلى دېدى:

— بۇ پۇل-مالنى كىمگە بەردىڭ؟ نەسىر دېدى:

— سىزگە بەردىم.

مۇقلى بۇ سۆزدىن پەرىشان بولدى ۋە:

www.uyghurkitap.com

— ئەي خاجە، ئۇ پۇل ـ مالنى ماڭا قاچان بەردىڭىز؟

ئەسىر دېدى:

— بۇ رامزان ئېيىدا مەن سىزنىڭ ئاش ـ تۇزىڭىزنى يېدىم. بىر ئاي سىزنىڭ مېھماندارچىلىقىڭىزدا ئىپتار قىلدىم. ئەمدى ھېيت بولدى. مەندىن يەنە پۇل ـ مال، ئالتۇن سوراۋاتىسىز. مېھماننىڭ ھەققى شۇنداق بولامدۇ؟

بۇ سۆزلەردىن مۇقىلنىڭ ئوغلى كۆلدى ۋە دېدىكى:

—پۇل ـ مېلىڭىزدىن ئۆتتۇم. ئىجازەتنامەڭىزنى ئېلىپ قايتىڭ.

ئەسىر تۇز ـ تائامنىڭ ھۆرمىتى سەۋەبلىك ئۆز پۇل ـ مېلىدىن كەلگەن بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قالدى.

— بەس، ئەي ئوغۇل، مېھمانغا مىننەت قىلما. خۇش خۇي ۋە ئوچۇق چىراي بول. شاراب ئىچ، لېكىن مېھماننىڭ ئالدىدا مەست بولۇپ قالمىغىن. ناۋادا مېھمانلار مەست بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا سەنمۇ ئۆزۈڭنى مەست بولۇپ قالغاندەك كۆرسەت. دوستلىرىڭنى خۇش خۇيلۇق بىلەن ياد قىل، ئەمما بىھۇدە كۆلمە ۋە ئورۇنسىز سۆزلىمە. بىھۇدە (ئورۇنسىز) كۆلۈش ـ ساراڭلىقنىڭ يەنە بىر خىلىدۇر. ۋاقتىكى، مېھمان مەست بولۇپ قېلىپ ئۆيگە قايتماقچى بولسا، بىر ئىككى مەرتىۋە ئەدەب بىلەن:

— مۇشۇ يەردە قونۇپ قالسىڭىز ياخشى بولارمىكىن. بۇ كېچە ھەم خىزمىتىڭىزدە بولاي، — دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كۆڭلۈڭنى بىلدۈر. ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، ئېسىلىۋالما. سىيلىق ۋە مېھىربانلىق بىلەن ئۇزىتىپ قويغىن. ئەگەر خىزمەتكارلىرىڭدىن بىرەرسى مېھ-مانلارنىڭ قېشىدا بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويسا، ئۇنى كەچۈرۈۋەت، غەزەپ قىلما. قاتتىق ـ يىرىك سۆزلىمە. «بۇ ئىشنىڭ يامان بولدى، ياكى ئۇ ئىشنىڭ ياخشى بولدى» دېگەندەك سۆزلەرنى ھەم ئېيتما. ناۋادا مېھمان بار يەردە خىزمەتكار سېنىڭ ئالدىڭدا چوڭچىلىق قىلسىمۇ، سەۋر قىلغىن. ئەگەر مېھمانلار شۇنداق قىلسىمۇ، بىمەنە سۆزلەرنى ئېيتسىمۇ ھەرگىز نارازىلىقىڭ-نى بىلدۈرمە، ئەكسىچە ھۆرمەت بىلدۈر، ئۇلۇغلا!

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، مۇئتەسىم خەلىپە رۇمغا پادىشاھ مەزگىلىدە بىر گۇناھكارنىڭ بېشىنى كېسىشكە پەرمان چۈشۈرگەندى. گۇناھكار:

— ئەي ئەمىر ۇل ـ مۇئمىنىن، خۇدا ۋە رەسۇلۇللاھ (مۇھەممەد پەيغەمبەر) نىڭ ھەققىدە بولسىمۇ، مېنى بىر جام سۇ بىلەن مېھمان قىل، ئۇسساپ كەتتىم. ئاندىن كېيىن ھەر نېمە بۇيرۇساڭ پەرمانبەردارمەن، — دېدى. خەلىپە سۇ بېرىشكە بۇيرۇدى. گۇناھكار سۇنى ئىچتى ۋە دېدىكى:

— شۇبۇ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن تەڭرىم بەرىكەت ئاتا قىلغاي! ئەي ئەمىر ۇل ـ مۇئمە-نىن، بۇ بىر قاچا سۇنى ئىچىپ، سىزنىڭ مېھمىنىڭىز بولدۇم. ئەمدى سىزلەرنىڭ قائىدەڭ-لەردە مېھماننى ئۆلتۈرمەك ۋاجىب بولسا، پەرمان قىلىڭ، مېنى ئۆلتۈرسۇن. ناۋادا مېنى ئەپۇ قىلىپ گۇناھىمدىن ئۆتسىڭىز، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۆۋە قىلاي!

— راست ئېيتتىڭ، — دېدى خەلىپە، — مېھماننىڭ ھەققى ئۇلۇغدۇر. سېنى ئەپۇ قىلدىم. تۆۋە قىلغىن. مۇنىڭدىن كېيىن گۇناھلىق ئىشلارنى قىلما.

ئۇ كىشى تۆۋە قىلدى. خەلىپە ئۇنى ئازات قىلىپ قويۇپ بەردى.

— بىلگىن، ئەي ئوغۇل، مېھماننىڭ ھەقى ۋاجىپتۇر. لېكىن مېھمان قىلساڭ مېھمان بولۇشقا، يەنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇلۇغلاشقا لايىق ۋە مېھماندارچىلىقتا ئەرزىگۈدەك ئادەمنى

مېهمان قىل. نادان، نائەهلى ۋە پەسكەش، بېخىل كىشىلەرنى مېهمان دەپ ئۆيۈڭگە يولاتقۇچى بولما. ئۇنداق كىشىلەر ئۇلۇغلاش ـ هۆرمەتلەشكە ئەرزىمەيدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، مېهماندارچىلىق ۋە هۆرمەت ـ ئىززەتنى كۆرگەنلىكى كىشىگە قىلغۇلۇق ئەمەس. ئەگەر باشقىلارنىڭكىدە مېهمان بولۇش توغرا كەلسە، بولار ـ بولماس كىشىنىڭ مېهماندارچىلىقىغا بارما. ئەگەر بارماقچى بولساڭ، بەك ئاچ قورساق بارما. بەك توقمۇ بارما. چۈنكى هېچنېمە يېمىسەڭ ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. كىشىلەر رەنجىيدۇ. ناۋادا كۆپ يېسەڭ «قارنى يامان» دېگەن ئاتاققا قالىسەن. مېهماندارچىلىقتا بارساڭ، بىر يەردە، يەنى ئۆزۈڭگە لايىق ئورۇندا ئولتۇرغىن. سەن بارغان ئۆي دوستۇڭنىڭ ئۆيى بولۇپ، بىرەر ئىش قىلىشقا، يەنى ياردەملىشىشكە توغرا كەلگەندىمۇ يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشما. يېمەك ـ ئىچمەك ئۈستىدە هەرقانداق كىشىنى ئىشقا بۇيرۇما. ئۆي ئىگىسىنىڭ خىزمەتكارلىرىغا: «ئەي پالانى، بۇ تاۋاقنى بۇ يەردىن ئېلىپ ئۇ يەرگە قويغىن، بۇ ئىشنى مۇنداق قىل، ... » دەپ ئاقساقاللىق قىلما. داستىخان ئۈستىدە كىشىنىڭ تاۋىقىغا شىرىك بولمىغىن. خىزمەتچىلەرگە ئازار بەرمە. مەست ۋە خاراب بولغىچە ئولتۇرما. بەزىمىدىن شۇنداق هالەتتە قايتقىنىكى، يول يۈرگەن ۋاقتىڭدا سەندىن مەستلىكىنىڭ ئەسىرى كۆرۈلمىگەي. چىرايىڭ باشقىلارنىڭ چىرايىدىن پەرق قىلمىغۇدەك ئىچ. مەست بولغۇچە ئىچمەكچى بولساڭ، ئۆيۈڭگە بېرىپ بىر تەرەپ قىل. ناۋادا بىرەر قەدەھ مەي ئىچىپ سالساڭ، سەندىن كىچىكلەر ئالدىڭدا قانچىلىك گۇناھ سادىر قىلمىسۇن، ئۇلارغا ئەدەب بەرمەك لازىم بولسىمۇ، ئەدەب بەرمە. چۈنكى مۇنداق چاغدا ئەدەب بەرسەڭ، ئۇنى هېچ كىشى ئەدەب قاتارىدا كۆرمەيدۇ، بەلكى سېنى مەست بولۇپ قاپتۇ، دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن «قىلىقى سەت» دېگەن يامان نامغا قالىسەن. نېمە ئىش قىلماقچى بولساڭ، قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى هاراق ئىچمىگەندە ۋە ساق ۋاقتىڭدا قىلغىن. ئەگەر خاتا ئىش قىلىپ قويساڭمۇ، ئۇقۇشماسلىقتا چىقىرىدۇ. بۇ ئىش تۈپەيلى سېنى «قىلىقى سەت» دېمەيدۇ. مەستلىكتە قانداقلىكى ئىش قىلساڭ «قىلىقى سەت» (بەدخۇيلۇق) دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئاقىللار: «ساراڭلىق بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ. مەستلىك ئەنە شۇ ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر» دېگەن. ئوخشاشلا كۆپ سۆزلەش، توختىماي چاۋاك چېلىش، قوللىرىدىن قاس چىقىرىش، ئايغىنى يەرگە ئۇرۇش، زورۇرىيىتى يوق ئىشلارنى قىلىش، ... مەيلى مەستلىكتە بولسۇن ياكى ساق ۋاقتىدا بولسۇن، بەدخۇيلۇق جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا مەست، خاراب ۋە يالغۇز ئەهۋالدا ئەل ئارىسىغا بارغۇچى بولما. بارغۇڭ كەلسە، ئەهلى ئاياللىڭ ياكى خىزمەتكارلىرىڭنىڭ قېشىغا بارغىن.

(داۋامى بار)

(ئابلىمىت ئەهەد بۆگۈ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت)

www.uyghurkitap.com

# تارىخى رەشىدى[1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

### موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

### ئەمىنخاجە سۇلتاننىڭ تويى بولغانلىقىنىڭ بايانى

ئەمىنخاجە سۇلتان تۇرپاندىن كەلگەن ۋاقتىدا، خان تاغامنىڭ قىزىنى ئەمىنخاجە سۇلتان ئۈچۈن سۆز سالدۇرغانىدى. تاغاممۇ بۇ ئىشنى چىن كۆڭلىدىن خالاپ ۋە بەخت ـ سائادەت بىلىپ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ توي جابدۇقى ۋە تەييارلىقىغا مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قىشتا شۇ تويىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. شاھمۇھەممەد سۇلتان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوغلى سۇلتانمۇھەممەد سۇلتاننىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە ئاتىسىنى شاھىبېكخان شەھىد قىلغان ۋاقىتتا شاھمۇھەممەد سۇلتان كىچىك بالا ئىدى. ئۆزبېك ئەمىرلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، ئۇنى يوشۇرۇپ ساقلىغانىدى. [بابىر] پادىشاھ كابۇلدىن قۇندۇزغا كەلگەن ۋاقتىدا، ئۇ ئۆزبېك شاھمۇھەممەد سۇلتانىنى قاچۇرۇپ، قۇندۇزغا ئەۋەتكەنىدى. [شاھمۇھەممەد سۇلتان ئۇ يەردە پادىشاھقا قوشۇلدى.] شۇ ۋاقىتتىن تاكى پادىشاھ كابۇلغا يانغۇچە شاھمۇھەممەد سۇلتان پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى. پادىشاھ كابۇلغا قاراپ يولغا چىققاندا، شاھمۇھەممەد سۇلتان پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇش ئۈچۈن قەشقەرغە كەلگەنىدى. ئۇ كەلگەندە قەشقەر ئىشغال قىلىنغىنىغا بىر يىل بولغانىدى. خان شاھمۇھەممەد سۇلتانىنى ئۆز پەرزەنتى ئورنىدا كۆرۈپ، ئىنىسى باباجاق سۇلتاندىن ۋە ئوغلى رەشىد سۇلتاندىنمۇ ئەزىزراق ۋە مۆھتەرەمراق كۆرەتتى.

تاغامنىڭ قىزىنى ئەمىنخاجە سۇلتانغا بېرىدىغان چاغدا، خاننىڭ كۆڭلىدە ئۆز سىڭلىسى خەدىچە سۇلتان خانىمنى شاھمۇھەممەد سۇلتانغا نىكاھلاپ بېرىش ئارزۇسى پەيدا بولدى. چۈنكى، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك [مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئوغلى] جەھانگىر مىرزىنى باشباشتاق كىشىلەر ئۆلتۈردى، ئۆلتۈرگۈچى ھېچ مەلۇم بولمىدى. خەدىچە سۇلتان خانىم ئۇنىڭدىن قېلىپ تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە خاننىڭ مېھرىبانلىق ھۇجرىسىدا تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا، بۇ ئىككى تويىنى بىراقلا ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولدى. ئوردا خادىملىرى ۋە ئالەمپاناھ بارگاھ-

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

نىڭ مۇلازىملىرى تويىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىۋەتتى. بۇ تويدا ئەمىرلەر ئارىسىدا تولا گەپ - سۆزلەر بولدى. شۇڭا، قەدىمىي تۆرە رەسىم - قائىدىسى بويىچە ھەممە مەنسەپ ئىگىلىرىگە ئۆز مەرتىۋىلىرىگە لايىق ئورۇن ۋە ئىززەت - ئىكراملار تەيىنلەندى، نەزم:

*ئۇنساقى مۇدەۋۋەر مىسالى سىپىھر،*
*سىپىھرىكى پۇرماھۇ ناھىدۇ مىھر.*
*ئىچى - تاشى ئالتۇن - كۈمۈش بىرلە غەرق،*
*مۇرەسسەئ جەۋاھىر بىلە تا بەفەرق.*

ئالىي مەتىۋىلىك ئەمىرلەر، شىجائەت نىشانلىق سەردارلار ۋە پەلەكتەك ئىقتىدارلىق خاقانلار يىغىلىپ بەزمە تۈزدى. نەزم:

*تۈزەلدى ئەجەب بەزمى فەرخۇندە پەي،*
*ھەمە شادكام ئەيلەبان نۇشى مەي.*
*بولۇپ ئەيش بىرلە ھەمە كامكار،*
*كى ئىلكىدە پەيمانە، يانىدا يار.*

كېچىلىرى ئالاھىدە زاتلار ۋە خاس ئەربابلار شۇنداق مەخسۇس بەزمىلەردە بولاتتىكى، ئۇ بەزمىنىڭ زوق - شوقىدىن پەلەك ئايۋانى ئۈستىدە زۆھرە يۇلتۇزىمۇ ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. ئاسمان كۈنگۈرىسىدە نۇرلۇق ئايمۇ ئۇ بەزمىنى تاماشا قىلىپ ھەيران قالاتتى. ئۇلار تاتلىق قىلىقلىق ساقىيلار قولىدىن ئاچچىق شارابلارنى گويا تاتلىق شەربەتنى ئىچكەندەك ئىچىپ، فەرھاد كەبى بىھوش بولۇشۇپ، بىر - بىرلىرىنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇشاتتى. نەزم:

*مەۋا بولدى بۇ دەۋردىن ئابنۇس،*
*زەمىن دىلبەر ئاغزى كەبى جايى بۇس.*
*جەھاندارى ساھىبقىران كامران،*
*بولۇپ ئەبرى باران كەبى زەر فىشان.*
*زەرۇ گەۋھەرۇ جامەۋۇ شاھۋار،*
*ئەتا قىلدى ھەددىن فۇزۇن، بىشۇمار.*
*نەچە كۈن بۇ رەڭ تۈزدى بەزمى شەھى،*
*كى ھەر كۈندە بىر گەنجىن ئەتتى تەھى.*

نەچچە مۇددەت ئاشۇنداق ئەيش - پاراغەت بىلەن بەزمە تۈزۈشتى، نەچچە كۈندىن كېيىن خۇتبە سەرەنجاملىرى تەييار بولدى. ئاندىن بىر ئالىي مەجلىس تۈزۈلدى. بۇ مەجلىسكە ئۇلۇغ ئەكابىرلار، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەربابلار، دۆلەت ئەركانلىرى ۋە سەلتەنەت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر بولدى. ئالدى بىلەن ئىپپەت داستىخىنىدىكى نېمەتنى، يەنى تاغامنىڭ قىزىنى ئەمىنخاجە سۇلتانغا ئەقدى نىكاھ قىلدى. ئاندىن كېيىن پاكلىق ئاسمىنىنىڭ قۇياشى، ئىپپەت ۋە بۈيۈكلۈك مەملىكىتىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇچى، يەنى پېقىرنىڭ ھامامىنىڭ

قىزى، خاننىڭ ئاتا بىر ئانا بىر سىڭلىسى خەدىچە سۇلتان خانىمنى شاھمۇھەممەد سۇلتانغا ئەقدى نىكاھ قىلدى. خانلىق سەدىپىنىڭ بۇ ئىككى بۈيۈك مەرۋايىتىنى، خاقانلىق كانىنىڭ بۇ ئىككى گۆھىرىنى نىكاھ رىشتىسىگە تىزدى. ئۇلۇغ ئەكابىرلار، ئەزىز ئەرباپلار ياخشى تىلەكلەر بىلەن بىراقلا دۇئاغا قول كۆتىرىپ، «فاتىھە» ۋە «ئىخلاس»نى راستچىل تىللىرى بىلەن ئادا قىلدى. ئۇلۇغ ئاياللار ۋە كەرەملىك خاتۇنلار تويلۇق سوغات ۋە لاۋازىماتلارنى تەقدىم قىلىش يوسۇنلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتى.

شۇ كۈنلەردە پېقىر بىر ئىمارەت بىنا قىلدۇرغانىدىم. ئۇ ئىمارەتنى ياساش، زىننەتلەشتە ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدىم. شائىرلار ۋە پەزىلەت ئەھلىلىرى ئۇ ئىمارەتنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىنى نەچچە خىل سۈرەتتە ئىپادە قىلىشقانىدى. ئۇ تارىخلاردىن مۇشۇ بىرى يادىمدا قېلىپتۇ، رۇبائى:

*گىن خانەكى مىدەھەد زى فىردەۋس خەبەر،*
*دەر رۇيى زەمىن مىسالى ئۇ نىست دىگەر.*
*تەئرىخى بەنايى گىن خۇجەستە مەنزىل،*
*ھەردۇ شۇدە «بادەۋلەتى مىرزا ھەيدەر»*①.

(پىردەۋس جەننىتىدىن خەۋەر بەرگۈچى بۇ قەسىرنىڭ يەر يۈزىدە يەنە باشقا مىسالى يوقتۇر.

بۇ مۇبارەك مەنزىلنىڭ بىنا قىلىنىش تارىخى شۇكى، ھەر ئىككىسى مىرزا ھەيدەرنىڭ دۆلەتمەنلىكىدىن بولغاندۇر.)

بۇ [ئىككى] توي ھەققىدىمۇ شائىرلار تارىخلارنى ئېيتقانىدى، بىراق ئېسىمدە قالماپتۇ.

## خان بىلە مىرزاخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا جىدەل - ماجىرا يۈز بەرگەنلىكى، شۇ قىشتىن كېيىنكى يازدا خاننىڭ بەدەخشانغا لەشكەر تارتقانلىقىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، خاننىڭ بەدەخشانغا لەشكەر تارتىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: يۇقىرىدا، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ۋەقەلىرى بايانىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، مىرزا ئەبابەكر خۇسرەۋ شاھنىڭ ئاخىرقى زامانلىرىدا بەدەخشان ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، بەدەخشاننىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ھەزارەلەردىن سارىغچوپان، غۇند، پەرۋاز، يەسار، سەرھ،[شىۋە] شىغنان قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزگەنىدى. خۇسرەۋشاھ بۇ ھەقتە بىرەر پىكىر - تەدبىر قىلغۇچە ئارىدا شاھىبېكخان باستۇرۇپ كەلدى. شاھىبېكخان خۇسرەۋشاھنىڭ مەملىكىتىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مىرزاخان ئۆزبېكلەرنىڭ ئەندىشىسى بىلەن ھەيران بولۇپ يۈرەتتى، ئۇ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ تەۋەلىكىگە زادىلا چېقىلالمايتتى. شۇڭا، بۇ چاغدا تەڭگىبالادىن تاكى سارىغچوپانغىچە بولغان جايلار قەشقەر دىۋانىغا (ھۆكۈمىتىگە) تەۋە بولغانىدى. نەزم:

① «بادەۋلەتى مىرزا ھەيدەر» (بادولت ميرزا حيدر) دېگەن سۆزلەردىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 923 (مىلادىيە 1517) - يىلنى ئىپادىلەيدۇ.

*چۇ دۈشمەنگە دۈشمەن بولۇر مۇشتەغىل،*
*ساڭا دوست ئىلە يەتكەي ئارامى دىل.*

دېگەندەك، مىرزاخان ئۆزبېكنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن قالغانلىقتىن، ئون ئىككى يىل مۇددەتتىن بېرى تەڭگىبالادىن سارىغچوپانغىچە بولغان جايلار بەدەخشاننىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولۇپ كېلىۋاتاتتى. خان قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا ئۇ ۋىلايەتنىمۇ قەشقەر مەملىكىتى قاتارىدا ئەمىرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن مىرمۇھەممەد بەگنى ئۇ ۋىلايەتكە نامزات قىلىپ بەلگىلىدى. ئەمما، بەدەخشاننىڭ ھەزارىلىرىدىن بىر ھەزارە بولغان ۋاخان «مىرزاخانغا تەۋە بولساق» دەپ ئەرز قىلىشتى. مىرزاخانمۇ ھېچبىر ئويلىشىپ ئولتۇرمايلا، ئۇ ۋىلايەتكە ئىگىدارچىلىق قىلدى. مىرزاخاننىڭ مۇددىئاسى مۇنداق ئىدى: بۇ ۋىلايەت ئەسلىدە بەدەخشاننىڭ تەۋەلىكىدە، مۇشۇ ھەزارىلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇپ بەدەخشان دەپ ئاتىلىدۇ. مىرزا ئەبابەكر بۇ ۋىلايەتنى زورلۇق بىلەن ناھەق ئىگىلىۋالغان. ئەمدى مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولدى. شۇڭا، بۇ ۋىلايەتمۇ ئۆز ئەسلىگە ياندى، مىسرا:

*ھەممە نەرسە يانار ئۆز ئەسلىگە.*

خاننىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى: مىرزا ئەبابەكرىنىڭ كۈچلۈك چاڭگىلى تۈپەيلىدىن بۇ ۋىلايەت ئەسلى رىشتىسىدىن ئۈزۈلۈپ، قەشقەرنىڭ دىۋانىغا (مەھكىمىسىگە) قوشۇلغانىدى. مۇتلەق پادىشاھ بولغان ھەزرىتى تەڭرى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇق ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن مىرزا ئەبابەكرىگە تەئەللۇق مەملىكەتلەرنى شەمشەر زەربىسىنىڭ ۋە باتۇر شىرى مەردلەرنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىزنىڭ تەختى تەسەررۇپىمىزغا كىرگۈزدى. ئەگەر سەن ھامامىنىڭ ئوغلى ۋە قېرىنداشلىق ئەدەب قائىدىسىنى ساقلاپ، بۇ ۋىلايەتنى ئىگىلىمەكچى بولساڭ، ئالدى بىلەن قەشقەرنى ئىشغال قىلغانلىقىمنى مۇبارەكلەپ كىشى ئەۋەتىشىڭ كېرەك ئىدى. ئاندىن: «مېنىڭ ئاجىزلىقىم ۋە مىرزا ئەبابەكرىنىڭ غالىبلىقى تۈپەيلىدىن بەدەخشانغا تەئەللۇق بولغان بۇ ۋىلايەت بەدەخشاندىن ئايرىلىپ، قەشقەر دىۋانىغا قوشۇلغانىدى. ئەمدى ئۇ ئەزىز قېرىنداشىمنىڭ مەرھەمەت ۋە ئىنايىتىدىن ئىلتىماسىم شۇكى، قەدىمدىن بەدەخشانغا تەۋە بولغان شۇ ۋىلايەتنى ماڭا ئىلتىپات قىلغايلا ...» دەپ ئىلتىماس قىلىشىڭ لازىم ئىدى. ئەگەر سەن مۇشۇ يوسۇندا ئادىمىلىك ۋە ئەدەب - قائىدىلىك يولنى تۇتقان بولساڭ ئىدى، قېرىنداشلىق يۈز - خاتىرىسىدىن ئۇ ۋىلايەتنى ئەلۋەتتە ساڭا بەرگەن بولاتتىم. مەن ئىشغالىيەت قولۇپىنى جاھاننى ئاچقۇچى تىغ ئاچقۇچلىرى بىلەن ئاچقان مەملىكەتنى سېنىڭ بۇنداق يولسىزلارچە ئىگىلىشىڭ سېنىڭ رەسم - قائىدىدىن تاشقىرىغا چىققىنىڭ، ئۇچىغا چىققان ئەدەبسىزلىكىڭ ئەمەسمۇ!

بۇنداق سۆزلەر ئىككى تەرەپتىن نەچچە نۆۋەت ئارىغا چۈشتى. ئاخىر ئىش شۇ يەرگە بېرىپ يەتتىكى، شۇ يىلى يازدا خان بەدەخشان ئۈستىگە ئاتلاندى. مىرزا ئەبابەكرىنىڭ بىر ئوغلىنى خان ئۆز ئوغلى ئورنىدا پەرۋىش قىلىۋاتاتتى، بۇ سەپەر مەزگىلىدە ئۇ قېچىپ كەتتى. خالايىق ئاغزىدا: «مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئوغلى سۆيۈنچەكخان قېشىغا كېتىپتۇ. ئۇنىڭ غەرىزى خاننىڭ بەدەخشانغا ئاتلانغانلىقىنى سۆيۈنچەكخانغا بىلدۈرۈپ، ئۇنى قەشقەرگە كېلىشكە دالالەت

www.uyghurkitap.com



قىلىش ئىمىش» دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقالدى. بۇ سۆزلەر خەلق ئارىسىدا خېلى كەڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن خان مېنى بۇ قېتىمقى سەپەردىن توختىتىپ قويۇپ كەتتى. پېقىر قەشقەردە قېلىپ، بۇ چېگرانىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى تۇتۇشقا مەشغۇل بولدۇم. مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئوغلىنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارغانلار تۇتۇپ ئۆلتۈردى.

خان بەدەخشانغىچە بېرىپ، ئۇ چېگرىغا قاتتىق زىلزىلە سالدى. مىرزاخان ئاجىز ۋە ئىزتىراپلىق ھالەتكە چۈشۈپ، زەپەر قەلئەسىگە بېكىندى. ئۇ قىلغان نالايىق ئىشى ئۈچۈن ھەسرەت بارماقلىرىنى نادامەت چىشلىرى بىلەن چىشلىمەكتە ئىدى. خان مىرزاخاننىڭ ئۆزىگە ۋە مەملىكىتىگە قاتتىق تەگلىك ۋە مۇشكۈلچىلىك يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى. شۇڭا، پەقەت كۈچلۈك مېھىر - شەپقەت تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەي ياندى. شۇنىڭدىن كېيىن مىرزاخان ئۆزىنى چاغلىدى ۋە ئۆز ئەندىزىسىنىڭ سىرتىغا قەدەم قويمىدى. شۇ ۋاقىتتىن تاكى ھازىرغىچە ئۇ ۋىلايەت قەشقەر دىۋانىغا تەۋە بولۇۋاتىدۇ.

بۇ ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا بىر قىسىم رەزىل ئادەملەر تۈپەيلىدىن سوغۇقچىلىق ۋە كىر - غۇبار پەيدا بولدى. شۇ ۋاقىتتىن تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بۇ ئىككىيلەن ئارىسىدا بېرىش كېلىش ئادەتتىكىچىلا قىلىندى. چۈنكى، ساق ۋە قىزغىن قەدىمىي ئالاقىلەرگە بۇ داغ پەيدا بولغاندىن كېيىن، بۇ سوغۇقچىلىقنىڭ تەسىرى تولۇق كەتمىدى. ئەمما، مىرزاخانغىمۇ، خانغىمۇ ئۇ ۋىلايەت ئاخىر ۋاپا قىلمىدى. نەزم:

*بۇ جەھاندۇر مىسالى مۇردارى،*
*ئاندا قۇشلار ئېرۇر ھەزار - ھەزار.*
*تالاشىپ بۇ ئاڭا سالۇر چاڭگال،*
*رەشك ئېتىپ گول مۇڭا ئۇرار مىنقار.*
*ئاخىر گول قۇش ھەمە كېتەر بىر - بىر،*
*ھەممەسىدىن قالدۇركى بۇ مۇردار.*

قىسقىسى، خان بەدەخشاندىن تولۇق ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق بىلەن ياندى، ئولجا - غەنىمەتلەر بىلەن ساق - سالامەت ھالدا پايتەخت يەركەنگە كېلىپ چۈشۈپ، ئەيش - ئىشرەت ۋە بەزمە - سۆھبەتكە مەشغۇل بولدى.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەنسۇرخان بىلەن ئىككىنچى نۆۋەت كۆرۈشكەنلىكى

بىلمەك كېرەككى، مەنسۇرخاندا ھەممىسى دەۋلەتسۇلتان خانىمغا خىزمەت قىلىپ، ئاتىسىدىن جۇدا بولغانلىق دەرد - ئەلەملىرىگە ئۇنىڭ مۇبارەك دىدارى ئارقىلىق شىپالىق تېپىش زوق - ئىشتىياقى كۆچەيدى؛ خانمۇ بۇ مۇددىئاسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەن ئورۇندا، ئاشۇ قېتىمقىدەك يوسۇندا ئۇچراشتى ۋە يېڭى ئەھدۇ پەيمانلارنى قىلىشىپ، مېھىر - مۇھەببەت ۋە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئالاقىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، شۇ يەردىن ھەرقايسىسى ئۆز پايتەختلىرىگە ياندى.

بۇ ۋەقە بولغاندا تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە ئالتە[1] بولغانىدى، شۇنىڭدىن تاكى تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز[2] بولغىچە خاننىڭ مۇبارەك تۇرمۇشى ۋە خالايىقنىڭ ئەھۋالى ئەلا دەرىجىدىكى پاراغەت ۋە مەمۇرچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە بۇ كىتابقا يازغۇدەك ۋەقە كۆرۈلمىدى.

## بابىر پادىشاھنىڭ ۋەقەلىرىنىڭ بايانى

ۋاقتىكى، بابىر پادىشاھ كابۇلغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئىنىسى سۇلتان ناسىر مىرزا ۋاپات بولدى. ئەمىرلەر بابىر پادىشاھ بىلەن قارشىلاشتى. بۇ ۋەقەلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ، پادىشاھ قۇندۇزدىن كابۇلغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئىنىسى سۇلتان ناسىر مىرزا كابۇلنى بويسۇندۇر-دى، دېگەن يەرگە يەتكەنىدى. تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە[3] بولغانىدى، سۇلتان ناسىر مىرزا مەينى كۆپ ئىچىۋەرگەنلىكتىن كېسەلگە دۇچار بولۇپ، ئاز مۇددەتتىن كېيىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى، ئۇ ھال تىلى بىلەن بۇ ماقالىنى ئېيتتى، نەزم:

*مەي خۇمارىدىن قاچانكىم كۆڭلۈمە يەتسە ئەلەم،*
*نۇش ئېتەي مەي ئانچەكىم، قىلسۇن ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم.*

غەزنەين ناسىر مىرزىدىن قالدى. ئەمىرلەر ئارىسىدا شۇ دەرىجىدە نىزا ۋە قارشىلىق پەيدا بولدىكى، نەيزە شەمشەرگە قول سۇنۇشقىچە بېرىپ يەتتى. پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىدە قالغان موغۇل ئەمىرلىرى ھەممىسى ياغى (دۈشمەن) بولدى. مەسىلەن، مىرشىرىم پادىشاھ-نىڭ تاغىسى ئىدى[4] ۋە ھەممە ئۆمرىنى پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ ئىنىد-سى مىر مەزىد، جەكە، قۇلنەزەر، چاغاتاي ئەمىرلىرى ۋە تاجىك ئەمىرلىرىدىن بىر نەچچە ئەمىر، مەۋلانا [بابا] بەشاغەرى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى بابا شەيخ قاتارلىقلار. مەۋلانا بابا بەشاغەرى سەمەرقەنتنىڭ بەشاغەر قەلئەسىدىن ئىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا شۇ قەدەر مەرھەمەت قىلغانىدىكى، پادىشاھ ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلغان چاغدا سەمەرقەنت، ئۆرەتۆپە ۋە كوھىستان ھۆكۈمىتىنى مەۋلانا بابا بەشاغەرىغە ئىنئام قىلغانىدى؛ يەنە ئەھۋالى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مىر ئەھمەد قاسىم ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى كاتتەبەگ — بۇلارنىڭ بىرى تاشكەنت ھاكىمى يەنە بىر سايرام ھاكىمى ئىدى — ۋە مەقسۇد ئەلى كۆرگ، سۇلتانئەلى[5]، چوناق ۋە باشقىلار. بۇلار ھەممىسى مۆتىۋەر ئەمىرلەر ۋە ئىشەنچ قىلىنغان سەردارلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مېڭە پەردىلىرى ئىچىدە شەيتان ئورۇنلاشتى. ساغلام ئەقلى ئورنىغا پەس ۋە ناچار تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى بولغان تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، يامانلىق يەرلەشتى، شۇڭا ئۇلار ئىسيان ۋە توپىلاڭ قىلىش يولىنى تۇتۇپ، مىر ئەييۇبتىن قالغان تەۋقى لەنەت (لەنەت

---

[1] ھىجرىيە 926 ـ يىلى مىلادىينىڭ 1519 ـ 1520 يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
[2] ھىجرىيە 928 ـ يىلى مىلادىينىڭ 1521 ـ 1522 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
[3] ھىجرىيە 920 ـ يىلى مىلادىينىڭ 1514 ـ 1515 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىت موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ نۇسخىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. باشقا نۇسخىلاردا 921 ـ يىلى دېيىلگەن، بۇ مىلادىينىڭ 1515 ـ 1516 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
[4] موللا مۇھەممەد نىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قول يازمىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى، نۇسخىدا «تاغايى ۋالىدەئى پادشاھبۇدە» (پادشاھنىڭ ئانىسىنىڭ تاغىسى) دېيىلگەن. مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدىمۇ «پادشاھنىڭ ئانىسىنىڭ تاغىسى ئىدى» دېيىلگەن.
[5] باشقا نۇسخىلاردا «سۇلتانقۇلى» دېيىلگەن.

قىسقىسى، بۇ ئەمىرلەر پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈپ، بىر نەچچە نۆۋەت جەڭ ۋە پاراكەندىچىلىكلەر بولدى. ئاخىر ئۇلار بىلەن پادىشاھنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. ئىككى سەپ لەشكىرى ئۇچرىشىدىغان چاغدا، ئەمىر قاسىم قاۋچىننىڭ ئوغلى ئەمىر قەنبەرئەلى قوندۇزدىن نۇرغۇن جەڭگىۋار لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ ياغى بولغانلار يېڭىلدى، «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ سۇنمايدۇ، ناھەقلىق ئېگىلمەيدۇ سۇنىدۇ» دېگەن ماقالىسىدىكىدەك بولدى.

دېمەك ئۇ ياغىلارنىڭ بەزىلىرى تۇتقۇن بولۇپ، جازالىرىنى تارتتى، بەزىلىرى شەرمەندىلىك ۋە خارۇزارلىق بىلەن قېچىپ قەشقەرگە كەلدى. شۇلاردىن بىرى مىرشىرىم بولۇپ، خان مەنسۇرخان بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇ بالا - چاقىلىرى بىلەن خاننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، خىجالەتچىلىك ۋە ئازابلىنىش ئىچىدە يۈردى. مىر مەزىد بولسا مەئىشەت جەھەتتە قىسىلغانلىقتىن، ئولجا - غەنىمەت ئۈمىدىدە تۇبەتكە باردى ۋە ئۇ يەردە بېشىغا تاش تېگىپ ئۆلدى. مىرشىرىممۇ خىجالەتچىلىك تۈپەيلىدىن خاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇرالماي، يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا يېنىپ باردى. لېكىن، پادىشاھ مۇرۇۋۋەتلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ نالايىق ئىشلىرىغا غەزەپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئىلگىرى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شەپقەت ۋە ئىنايەت نەزەرلىرىنى سىلىپ، ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن كۆرۈشتى. نەزم:

*ئەيكى دەرماندەلەرى پەناھىسەن،*
*جۇرم ئېلىنىڭكى ئۆزرخاھىسەن.*

ئۇ مىرشىرىممۇ ئاشۇ كۈنلەردە باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. پادىشاھ كابۇلدا ئورۇنلاشقاندى، ئاندىن قەندىھارغا يۈرۈش قىلدى. قەندىھار يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك زۇننۇن ئارغۇننىڭ ئوغلى شاھبەگنىڭ قولىدا ئىدى، قەندىھار مۇھاسىرە قىلىندى. شاھبەگ ئاخىر قەندىھاردىن قېچىپ سۆۋى تەرەپكە بېرىپ تەتتە[1]، [ئۇچە] ۋە بەكەرنى ئالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى.

پادىشاھ قەندىھاردىن ھىندىستانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ يەردە نەچچە قېتىم جەڭ ۋە تالاش قىلىپ ياندى. ئۇ ۋاقىتتا ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ئوغلى ئىبراھىم سۇلتان ھىندىستانغا پادىشاھ ئىدى. پادىشاھ ئاخىر فانىپەت دېگەن يەردە ئۇنىڭغا قارشى سەپ تۈزدى. ئىبراھىم سۇلتاننىڭ لەشكىرى بىرلەك (يۈزمىڭ) تىن ئارتۇقراق ئىدى. پادىشاھ ئون مىڭ جەڭچى بىلەن ئىبراھىم سۇلتاننى يەڭدى. بۇ غەلىبىدە پادىشاھ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا شۇ قەدەر كۆپ خەزىنىلەر چۈشتىكى، رۇمدىن تاكى خىتايغىچە بولغان پۈتكۈل ئالەم ئۇ خەزىنىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇ نەپىس ئالتۇن توقۇلمىلار، خىتاينىڭ زەرلىك ئەتلەسلىرى چىن مەملىكىتىدىمۇ كەم تېپىلاتتى. بۇلار ھىندىستاندا ئۇلاغ - ئۇلاغلىرى بىلەن پادىشاھ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇنىڭ تەپسىلاتى پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى.

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «تەبە» دېيىلگەن، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «تەبتە» دېيىلگەن، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «تەتتۇ» ئېلىنغان.

www.uyghurkitap.com

# قىرغىزلارنىڭ ۋە موغۇلىستاننىڭ تىزگىنلەنگەنلىكى، رەشىد سۇلتاننىڭ دەسلەپكى سەلتەنىتى ۋە ئۇنىڭ موغۇلىستانغا ئورۇنلاشقانلىقىنىڭ بايانى

تارىختا توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز① بولغانىدى، خان قىرغىزلارنى تولۇق تىزگىنلەش ئۈچۈن موغۇلىستانغا لەشكەر ئەۋەتىش رىجىسىنى تۈزدى. بۇ ئىشنىڭ بىرنەچچە سەۋەبى بار ئىدى. بىرىنچى سەۋەب شۇ ئىدىكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، تارىختا توققۇز يۈز يىگىرمە ئۈچتە②مۇھەممەد قىرغىز تۇتقۇن قىلىندى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ كۆچۈمخاننىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللاخاننى جەڭدە قولغا چۈشۈرۈپ، يەنە قويۇپ بېرىپ، خانغا ناماقۇل ئۆزرىلەر ئېيتىپ كىشى ئەۋەتكەنىدى، خان شۇ سەۋەبتىن ئۇنى تۇتقانىدى. بەش يىلدىن بېرى ئۇ قاماقتا ئىدى. شۇڭا، قىرغىز تائىپىسى باشسىز قېلىپ، تۈركىستان، سايرام، ئەندىجان ۋە ئاخسى ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئالا - توپىلاڭ سالماقتا ئىدى. گەرچە بۇ يەرلەر شەيبانىيلارغا تەۋە بولسىمۇ، شەيبانىيلار خانغا قەدىمىي دۈشمەن بولسىمۇ، لېكىن خان گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە دىنپەرۋەر بولغانلىقتىن، قىرغىزلارنىڭ بۇ ئىشلىرىغا دەرغەزەپ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىن بۇ بالا - قازانى يوقىتىپ، بۇ ئالەمدە ياخشى ئاتاق ئاخىرەتتە ساۋاب دەرىجىلەرنى ھاسىل قىلماقچى بولدى.

يەنە بىر سەۋەب شۇ ئىدىكى، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، جان پىدالىقلىرى ۋە شىجائەت جەھەتتىكى ئىقتىدارلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن خاجە ئەلى باھادىر ئۆزىنىڭ تۇغما تەبىئىتى تۈپەيلىدىن موغۇلىستانغا بەكمۇ مايىل ئىدى. ئۇ ھەمىشە شەھەردىن نەپرەتلىنىپ، موغۇلىستاننىڭ چۆل ۋە سەھرالىرىغا ئىنتىزار بولۇپ يۈرەتتى. خاننىڭ ئىنىسى خەلىل سۇلتاننىڭ ئوغلى بابا سۇلتاننى خاجە ئەلى باھادىر پەرۋىش قىلىپ، تەربىيىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ خانغا ئىلتىماس قىلىپ:

— تەڭرىگە تەشەككۈركى، موغۇل ئۇلۇسىنىڭ چارۋا - ماللىرى دۆلىتىڭىزنىڭ بەرىكىتىدىن كۆپىيىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، قەشقەر مەملىكىتىنىڭ يايلاقلىرى ئۇنىڭغا تارلىق قىلىۋاتىدۇ. خالايىق يايلاق تالىشىپ، جېدەل - ماجىرا قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر يارلىق بېرىلسە، پېقىر بەندىڭىز بابا سۇلتاننى ئېلىپ موغۇلىستانغا بارسام، پۈتكۈل موغۇلىستاننى تىزگىنلەپ، قىرغىزلارنىڭ ئىشىنى سەرەمجانلاشتۇرسام، خالايىق يايلاق تەڭقىسلىقىدىن قۇتۇلاتتى، مۇسۇلمانلار قىرغىزلارنىڭ ئاپىتىدىن ئارام تاپاتتى، — دەپ ئەرزىنى تۆكەتتى.

خاجە ئەلى باھادىرنىڭ ئەرزى خاننىڭ رايىغا مۇۋاپىق چۈشتى، خان بۇ ھەقتىكى مەسلىھەتنى بارلىق ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىغا سالدى. ئەمىرلەرمۇ سۆز ۋە مۇددىئا جەھەتتە خاجە ئەلى باھادىرنىڭ مەسلىھىتىنى بىردەك مۇۋاپىق كۆردى. لېكىن تاغام — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ئارىدىن قوپۇپ مۇنداق ئەرز قىلدى:

— ئەي ئالىي شەۋكەتلىك خان، يۈكسەك مەرتىۋىلىك سۇلتان، بۇ ئەسلىدە مۇۋاپىق مەسلىھەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرگە بابا سۇلتاننى ئەۋەتىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، ئەسلىدىلا موغۇل ئۇلۇسىنىڭ موغۇلىستانغا بەكمۇ مەيلى بار. موغۇلىستان تىزگىنلەنگەندىن كېيىن بارلىق موغۇللار موغۇلىستانغا بېرىشقا تەقەززا بولىدۇ. بابا سۇلتان موغۇلىستانغا

① ھىجرىيە 928 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1521 - 1522 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 923 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1517 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

بېرىپ تۇرسا، موغۇللارنى موغۇلىستانغا بېرىشتىن توساق، بابا سۇلتاننىڭ كۆڭلى ئاغرىيدۇ. ئەگەر ئۇلارنى مەنئىي قىلمىساق، ھەممە موغۇل موغۇلىستانغا كېتىپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئارىغا سوغۇقچىلىق ۋە كۆڭۈلدەكىر - غۇبار پەيدا بولماي قالمايدۇ. لېكىن، رەشىد سۇلتاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتسەڭىز ھېچقانداق ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ. چۈنكى، رەشىد سۇلتان سىزنىڭ ئوغلىڭىزدۇر. ئۇ قانچە كۈچەيگەن تەقدىردىمۇ سىزگە ئېغىر كەلمەيدۇ. ئەگەر موغۇللارنىڭ موغۇلىستانغا بېرىشىنى چەكلىسەڭىز، رەشىد سۇلتان ئېغىر ئالمايدۇ، ئېغىر ئالغان تەقدىردىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. چۈنكى ئۇ ئۆز پەرزەنتىڭىزدۇر.

تاغام شۇنداق دەپ، ھەممە ئەمىرلەرنىڭ رايىغا قارشى چىقىپ، رەشىد سۇلتاننىڭ ئىشلىرىنىڭ رىۋاجى ئۈچۈن بۇ ئەرزنى خانغا مەلۇم قىلدى. بۇ مەسلىھەت تېخى بىر يەرگە قارار تاپماي تۇرۇۋاتقان ئىدى. خاجە ئەلى باھادىر شارابنى تولا ئىچكەنلىكتىن پۈتكۈل تومۇر ۋە پەيلىرى كۆيۈپ ۋاپات بولدى. ئاشۇ سەۋەبلەر بىلەن موغۇلىستاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى رەشىد سۇلتانغا تاپشۇرۇش قارار قىلىندى. ھالبۇكى، ئاشۇ كۈنلەردە پەيغەمبەرنىڭ سەييىدلەر سەييىدى خاۋەندزادە مۇھەممەد ئەرھەڭگىنىڭ قىزىدىن بولغان سىڭلىم بابا سۇلتانغا نىكاھلاپ بېرىلگەنىدى. لېكىن، تاغام كۆچلۈك دۆلەتپەرۋەرلىكى تۈپەيلىدىن ئۆز كۈيئوغلىنىڭ تەرىپەنى ئالماي، بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى رەشىد سۇلتانغا مۇقەررەر قىلدى. بۇ سەۋەبتىن بابا سۇلتاننىڭ تاغامدىن ناھايىتى كۆڭلى ئاغرىدى. تاغام ئۇنىڭ كۆڭلى ئاغرىغىنىغىمۇ قارىماي، رەشىد سۇلتاننىڭ رىۋاجى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق چارە - تەدبىرلەر بىلەن رەشىد سۇلتاننى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، ئۇنىڭ تەپسىلاتى پات پۇرسەتتە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر.

سۆز بۇ يەرگە يەتتى. ئەمدى گەپ - سۆزلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە چالا قالماسلىقى ئۈچۈن، موغۇلىستاننىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىيرەك بايان قىلىش لازىم بولدى. چۈنكى، موغۇلىستاننىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھېچبىر كىتابتا يوق. پەقەت ئانچە - مۇنچە تەخمىنىي بايانلارنى كەلتۈرۈپلا قويغان بولسا كېرەك. بەزى تارىخ كىتابلىرىدا موغۇلىستاننىڭ بەزى شەھەرلىرىنىڭ ئېتى بار. ھېكىملەر ۋە ئالىملار «سۇۋەرى ئەقالىم» (جاھان ئىقلىملىرىنىڭ گورۇنلىرى) ۋە «تەئرىفى بۇلدان» (شەھەرلەرنىڭ تەرىپلىرى) ناملىق كىتابلاردا قىسقىچە بايان قىلىپتۇ، ئەمما، ئۇلار موغۇلىستاننىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەرسىز بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىدە ھەقىقەتكە يېتىپ، يازغانلارنىڭ ھەممىسىنى پېقىر تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

**«تارىخى جەھان-گۇشاي» (جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى) دا دىۋاننىڭ باشقۇرچىسى، جاھاننىڭ يېگانىسى، ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىن مۇھەممەد جۇۋەينى (تەڭرى ئۇنىڭغا مەغپىرەت ئاتا قىلغان بولغاي) موغۇلىستاننىڭ تەرىپلىرىنى مۇنداق بايان قىلغانىكەن، ئۆزئەينى بويىچە بايان قىلىندى**

«تارىخي جەھانگۇشاي» دا شۇنداق بايان قىلىنىپتۇكى، تاتارنىڭ تۇرغان، چۆلدە بولغان ۋە تۇغۇلغان يېرى تىرىقچىلىق قىلىنمايدىغان يەر ئىدى. [خۇددى مۇنۇ ئايەتتە ئېيتىلغىند-

دەك: «ئەي پەرۋەردىگارىمىز، ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (ساڭا ئىبادەت قىلسۇن) دەپ، سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن»[①].] ئۇ يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، توغرىسى (كەڭلىكى) ۋە چوڭگرىسى (ئايلانمىسى) يەتتە ـ سەككىز ئايلىق يولدۇر، شەرق تەرىپى خىتاي ۋىلايىتىگە تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى ئۇيغۇر ۋىلايىتىدۇر. شىمال تەرىپى قاراقۇرۇم[②] ۋە سالىنگايىغا تۇتاش، جەنۇب تەرىپى تاڭغۇت (تاڭغۇت) قا تۇتاشتۇر.

بۇ تۆت تەرەپ چېگرا «[تارىخى] جەھانگۇشاي»دا يېزىلغان بولۇپ، ھازىرقى زاماندا بۇلاردىن خىتاي ئېنىق ۋە مەلۇملۇق. ئۇيغۇر ۋىلايىتىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكى ۋە قايسى يەر ئىكەنلىكى ھازىرقى كۈندە مەلۇم ئەمەس، ئۇنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. قاراقۇرۇم ۋە سالىنگايمۇ ھازىر نامەلۇم، قاراقۇرۇم ۋە سالىنگاي ئاتلىق يەردىن ھازىر ھېچ نام ـ نىشان مەلۇم ئەمەس. تاڭغۇتنىڭ ئېتى موغۇل تارىخلىرىدا كۆپ زىكىر قىلىنغان بولۇپ، چىڭگىزخان دەسلەپكى ئىشغالىيەت يۈرۈشلىرىدە تاڭغۇتقا لەشكەر تارتىپ بېرىپتۇ. ئوگتاي قائانمۇ مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن نەچچە يەرلەرگە كىشى ئەۋەتكەن بولۇپ، شۇ يەرلەرنىڭ بىرى تاڭغۇتتۇر. تارىخ كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمدۇركى، تاڭغۇت ئۇلۇغ ۋىلايەت ئىكەن، شۇ زاماندا ئۇ ۋىلايەتنىڭ شىدەرقۇ ئاتلىق پادىشاھى بولغان ئىكەن. كۆپ ئورۇنلاردا بايان قىلىنىشىچە، شىدەرقۇنىڭ سەككىز يۈزمىڭ لەشكىرى بار ئىكەن. شىدەرقۇ ئۇلۇغ قائانغا، يەنى چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «يۈتكۈل تەۋەلىرىم، ھەيۋەت ـ ھەشەمىتىم ۋە لەشكەرلىرىم بىلەن بېرىپ، چىڭگىزخان بىلەن قوشۇلىمەن» دەپ قارار قىپتۇ. ئەمما، بىر ئايلىق مۆھلەت سوراپتۇ. بۇ ۋاقىتلاردا چىڭگىزخان ئاغرىق ئىدى، شۇڭا ئۇ پەرزەنتلىرىگە ۋە ئەمىرلىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ: «بۇ كۈنلەردە مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، شىدەرقۇ كېلىپ، ئۇنى سىلەر تۇتۇۋالغۇچە مېنىڭ ئۆلۈمىمنى مەخپىي تۇتۇڭلار» دەپ تاپىلىدى. چىڭگىزخان ۋاپات بولدى. شىدەرقۇ سەككىز يۈزمىڭ لەشكىرى بىلەن كېلىپ چىڭگىزخاننىڭ لەشكىرىگە قوشۇلدى. ئاندىن شىدەرقۇنى لەشكەرلىرى بىلەن پاراكەندە قىلدى. بۇ نەقىل «مەجمەئۇت ـ تەۋارىخ»تىن ئېلىنغاندۇر. ئەمما، بۇ زاماندا تاڭغۇتنىڭ قەيەردە، قايسى جاي ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس ئىدى.

موغۇلىستاندا نەچچىلىگەن شەھەرلەر بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى مۆتىۋەر كىتابلاردا زىكىر قىلىنغان، ئۇ شەھەرلەر تولا تەرىپلەنگەن. شۇلار جۈملىسىدىن بىرى بالاساغۇن شەھىرىدۇر. «سۇۋەرەل ـ ئەقالىم» (ئىقلىملارنىڭ ئورۇنلىرى) ناملىق كىتابتا قاراختاي شەھەرلىرىدىن خانبالىق شەھىرى بايان قىلىنىپتۇ ۋە موغۇلىستان شەھەرلىرىدىن بالاساغۇننىڭ ئېتى زىكىر قىلىنىپتۇ. باشقا شەھەرلەرنىڭ ئېتىنى ئاتىماپتۇ. مۆتىۋەر تارىخ كىتابلىرىدا كەلتۈرۈلۈشىچە، بالاساغۇن ئەفراسىياب تۈرك تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەرلەردىن بىرى بولۇپ، ناھايىتى كاتتا قىلىپ قۇرۇلغان، دېيىلىدۇ. «مەجمەئۇت ـ تەۋارىخ»تا شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، بالاساغۇن تاكى قاراختاي زامانىغىچە ئەفراسىياب نەسلىنىڭ قولىدا ئىدى. گورخان قاراختاي بالاساغۇننى ئەفراسىيابنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىلىكخاندىن

---

① «قۇرئان كەرىم» 14 ـ سۈرە ئىبراھىم 37 ـ ئايەت.

② بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «قاراقىر»، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «قاراقىز» دېيىلگەن. موللامۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان.

ئالدى ۋە ئۇنى پايتەخت قىلدى. بالاساغۇن تاكى توقسان بەش يىلغىچە قاراخىتاينىڭ پايتەختى بولدى. جەيھۇن دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى بارلىق شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ باج - خىراجلىرى بالاساغۇنغا كېلەتتى. موغۇللار بالاساغۇننى «قارالىغ» دەيدۇ. «سۇراھ لۇغىتى» نىڭ تۈزگۈچىسى «مۇلھاقاتۇس - سۇراھ» (سۇراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما) ناملىق ئەسىرىدە: «ئاتام بالاساغۇننىڭ فازىل (ئالىم) لىرىدىن ئىدى» دەپ ئېيتقان. «مۇلھاقاتۇس - سۇراھ» تا ھەربىر شەھەردىكى فازىللارنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. سەمەرقەنتتە ئوندىن ئازراق فازىللارنى ساناپ ئۆتكەن. ئەمما، بالاساغۇندا شۇنچە كۆپ كاتتا زاتلار ۋە فازىللارنى بايان قىلغانكى، بىر شەھەردە، بىر دەۋردە شۇنچىۋالا كۆپ فازىل (ئالىم) نىڭ بولغانلىقىنى ئەقىل قوبۇل قىلالماي قالىدۇ. ئەمما، ھازىرقى زاماندا بالاساغۇندىن ھېچ يەردە نام - نىشان يوق. «تارىخى مەجمەئۇل - ئەنساب» (بارلىق نەسەبلەرنىڭ تارىخى) ناملىق كىتابتا: «بالاساغۇننى موغۇللار، ئالمالىق دەيدۇ» دېيىلگەن.① ئەمما قارالىغ ئاتلىق جاينىڭ بارلىقى ھېچ يەردە بىلىنمىدى.

كىتابلاردا ئەسكەرتىلگەن شەھەرلەردىن يەنە بىرى ترازدۇر. «موغۇللار ترازنى〈ياڭى〉 دەيدۇ» دەپ نەقىل كەلتۈرۈلگەن. موغۇلىستاندا «ياڭى» ئاتلىق يەر بار. ياڭى خەلقى ماۋەرائۇننەھردە ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنى «ياڭىلىق» دېيىشىدۇ. ئەمما «ياڭى» دەپ ئاتالغان ئۇ باياۋاندا نەچچىلىگەن شەھەرلەرنىڭ ئىزنالىرى ساقلانغان بولۇپ، ئۇ يەردە گۈنبەز، مۇنارە، خانىقاھ، مەدرىسلەرنىڭ ئىزنالىرى، بەلگىلىرى بار. بىراق، ئۇ [كونا] شەھەرلەر ئارىسىدا «ياڭى» دېگەن شەھەرنىڭ قايسى ئىكەنلىكى ۋە قالغان شەھەرلەرنىڭ ئېتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

يەنە مەشھۇر شەھەرلەردىن بىرى ئالمالىغ بولۇپ، ھازىرقى كۈندىمۇ ئۇنىڭ ئورنى ئېنىق. توغلۇق تېمۇرخاننىڭ قەبرىسى شۇ يەردە. ئۇ يەردە ئاجايىپ بىر شەھەرنىڭ ئىزناسى بار. توغلۇق تېمۇرخاننىڭ گۈمبىزى ناھايىتى ئېگىز ياسالغان بولۇپ، كۆپ ھۈنەرلەر ئىشلىتىلگەن، باشتىن ئاياغىچە كاھىشلانغان ۋە كىتابەلەر پۈتۈلگەن بولۇپ، بىر مىسراسى ئېسىمدە قېلىپتۇ. مىسرا:

*«ئىن يادگار سەنئەتى ئۇستاد شىبىرباي.»②*

بۇ مەزمۇندىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ شېئىرنى يازغان ئۇستاز ئىراق زېمىنىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى، ئىراق زېمىنىدا توقۇمۇچى (باپكار) نى «شىبىرباي» دەيدۇ. ئېسىمگە كېلىشىچە، ئۇ ئىمارەتنىڭ تارىخىنى يەتتە يۈز ئاتمىشتىن③ بىر نېمە زىيادە قىلىپ يېزىلغان. موغۇلىستاندا شەھەرلەر ناھايىتى كۆپ. بەزى ئىمارەتلەر ناھايىتى ئالىي ۋە مۇستەھكەم ئىكەن، ئۇنىڭدىن نىشانلەر ساقلىنىپتۇ. بەزى يەرلىرى ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. بەزىلىرى بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. چۇ دېگەن بىر ئورۇندا بىر يەردە بىر كاتتا شەھەرنىڭ خارابىسى بار. بىرقانچە يەردە مۇنارىلەر، گۈمبەزلەر ۋە مەدرىسلەر تۇرۇپتۇ. ئۇ شەھەرنىڭ ئېتىنى ھېچ

① بۇ بىر جۈملە «تارىخى رەشىدى» نىڭ باشقا نۇسخىلىرىدا ئۇچرىمىدى. بۇ جۈملىدىكى «ئالمالىق» سۆزى كېيىنكى جۈملىدىكى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «قارالىغ» بولۇشى كېرەك ئىدى. كۆچۈرگۈچە سەۋەنلىك بىلەن «ئالمالىق» دېگەن سۆزگە ئالمىشىپ قالغان بولسا كېرەك.

② بۇ مىسرا موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارىسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا: «ئىن بارگاھ سەنئەتى ئۇستاد شىبىرباي» (بۇ ئىمارەت توقۇمۇچى ئۇستازنىڭ مۇنىرى) دېيىلگەن. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە: «ئىن بارگاھ سەنئەتى شىبىرباب» دېيىلگەن.

③ بۇ تارىخ موللا مۇھەممەد نىياز تەرجىمىسىدە ۋە پارىسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. تاشكەنت رۇسچە نەشرىسۇ شۇنداق ئېلىنغان. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «يەتتە يۈز ئاتمىش بىرىنچى» دېيىلگەن. ھىجرىيە 760 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1358 - 1359 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

كىشى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، موغۇللار ئۇنى «مۇنارە» دەپ ئاتاپتۇ. يەنە ئۇ يەردە بىر گۈمبەز بىلەن تاشتىن ياسالغان بىر لەۋھە بار. ئۇ لەۋھەگە نەسخ خېتى بىلەن مۇنداق سۆزلەرنى ئويۇپتۇ: «بۇ ئۇلۇغ ئىمام، ھەقىقەتەن ۋە كامالەت ئەھلىنىڭ پېشۋاسى، ئاقىللارنىڭ ۋە يېقىملىق نەقىلچىلەرنىڭ يېتەكچىسى، ئاساسىي ۋە تارماق ئىلىملەرنىڭ باشچىسى ئىمام مۇھەممەد فەقىھ بالاساقۇنىنىڭ مەقبەرىسىدۇر؛ بۇ كىشى يەتتە يۈز ئون بىرىنچى يىلى[1] ۋاپات بولغان. پۈتۈكچى: ئۆمەر خاجە ھەدداد (تۆمۈرچى)». چۇ[2] دېگەن يەر موغۇلىستان تەۋەسى ئىچىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر ئايلىق يول، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر ناھايىتى كۆپ.

يەنە موغۇلىستاندا «يۇمغان» ئاتلىق مەشھۇر يەر بار، ئۇ يەردە بىر گۈمبەز بار، ئۇنىڭ يېرىمى ۋەيران بولۇپتۇ. بۇ گۈمبەزنىڭ كىتابىسىدە: «شاھ [جەلىل[3]] ئىبنى قۇسەم ئىبنى ئەبباس ...» (ئەبباس ئوغلى قۇسەمنىڭ پەرزەنتى شاھ جەلىل ...) دېگەن سۆزلەرلا ساقلىنىپ قىلىپتۇ. قالغان قىسمى ۋەيران بولۇپتۇ. بۇ گۈمبەز شۇ كىشىنىڭ مەقبەرىسىمۇ ياكى بۇ سۆزلەر باشقا مۇناسىۋەت بىلەن يېزىلغانمۇ؟ بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ، تەڭرى ئەلا ياخشى بىلىدۇ.

پۈتكۈل موغۇلىستان ئىچىدە ئاشۇنىڭغا ئوخشاش خارابە ئىزلىرى ۋە بەلگىلىرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن بۇ شەھەرلەردىن ھېچقايسىسىنىڭ ئېتى مەلۇم ئەمەس.

«مىفتاھ» نىڭ مۇئەللىپى مەۋلانا سەككاكىنىڭ قەبرىسى ئالىي گۈمبەز بولۇپ، قولنىڭ ئايغىدىن چىقىپ كېلىدىغان [تىكە] دەرياسىنىڭ لېۋىگە جايلاشقان. ئۇ يەردە ئاشۇ گۈمبەزدىن باشقا ھېچ نەرسىنىڭ ئىزناسى يوق. ئۇ يەر ئەسلى شەھەر بولۇپ، ئۇ شەھەر ۋەيران بولۇپ، گۈمبەزدىن باشقا نەرسىدىن ئەسەر قالمىغانمۇ ياكى چاغاتايخان مەۋلانا سەككاكىنى ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈپ، قەبرىسى ئۈستىگە بۇ ئىمارەتنى سالدۇرغانمۇ؟ ئاللا ئۆزى بىلىدۇ. مەۋلانا سەككاكىنىڭ ھېكايىسى تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان.

موغۇلىستان چېگرىسى ئىچىدە قەدىمىي تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان نەرسىلەردىن مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىنىڭ ئىز - دېرىكى يوق. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتىكى جايلارنىڭ ئېتىنى ھازىر ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

ھازىر موغۇلىستان دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ توغرىسى(كەڭلىكى)مۇ يەتتە - سەككىز ئايلىق يولدۇر. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى قالماق زېمىنى بىلەن تۇتاش بولۇپ، ئۇ تەرەپنى بارسكۆل، ئىمىل ۋە ئىرتىش دەپ ئاتايدۇ؛ شىمال تەرىپى كۆكچە دېڭىز، بوملىش ۋە قاراتالغا تۇتىشىدۇ؛ غەرب تەرىپى تاشكەنت ۋە تۈركىستاندۇر. جەنۇب تەرىپى فەرغانە ۋىلايىتى، قەشقەر، ئاقسۇ، چالىش ۋە تۇرپانغا تۇتىشىدۇ. بۇ تۆت تەرەپ چېگرىدىن پېقىر جەنۇبىي چېگرىدىكى يەرلەرنىلا كۆردۈم. تاشكەنتتىن ئەندىجانغىچە ئون كۈنلۈك يول، ئەندىجاندىن ئاقسۇ ئونبەش كۈنلۈك يول، ئاقسۇدىن چالىش يىگىرمە كۈنلۈك يول، چالىشتىن تۇرپان ئون كۈنلۈك يول، تۇرپاندىن بارسكۆل ئونبەش كۈنلۈك يولدۇر. بارسكۆل موغۇلىستاننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدۇر. ئۇنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى چېگرىسى ئوتتۇرا ھال مېڭىشتا ئۈچ ئايلىق يول بولۇپ، توقسان مەنزىل بولىدۇ؛ قالغان ئۈچ تەرەپ چېگرىسىنى پېقىر

---

① ھىجرىيە 711 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1311 - 1312 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا، مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «جۇۋە» ئېلىنغان. پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدە «چۇۋە» دېيىلگەن.

③ بۇ ئىسىم موللامۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قول يازما نۇسخىسىدا يوق. پارسچە بىرىنچى ئىككىنچى نۇسخىلاردا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «خەلىل» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com

كۆرمىدىم. كۆرگەن خەلقلەرنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇ ئۈچ تەرەپ چېگرىسىنىڭ ھەربىرى بۇ جەنۇب تەرەپ چېگرىدىن ئۇزۇن ئوخشايدۇ. بۇ ھەممە زېمىن يەتتە - سەككىز ئايلىق يولدۇر. ئۇنىڭ تاغ ۋە سەھرالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ناھايىتى پاكىزە ۋە خۇش ھاۋالىق. پېقىر ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە ياخشىلىقلىرى ھەققىدە ھەرقانچە ئويلىغان بولساممۇ ئۇنى شەرھەلەشكە سۆز يېتىشمىدى. ئۇنىڭ تاغ ۋە سەھرالىرىدىكى گۈللەر ھەددۇ ھېسابتىن تاشقىرى بولۇپ، ئۇ گۈللەرنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ گۈللەر موغۇلىستاندىن باشقا يەرلەردە يوق. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنىڭ ياز پەسلىدىكى ھاۋاسى تولۇق مۆتىدىل؛ شۇڭا بىرقات كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە يەنە كىيىم كىيىش خۇشياقمايدۇ؛ ئەمما بەزى جايلىرىنىڭ سوغۇقى مۆتىدىللىك چېكىدىن ھالقىغان دەرىجىدە كۈچلۈك.

موغۇلىستاندا جەيھۇندەك ئۇلۇغ دەريالار كۆپ. مەسىلەن، ئىلى، ئىمىل، ئېرتىش، چۆپلەك ۋە نارىن قاتارلىقلار. بۇ دەريالارنىڭ جەيھۇن ۋە سەيھۇن دەريالىرىدىن كەم يېرى يوقتۇر. بۇ دەريالارنىڭ كۆپىنچىسى كۆكچە دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ.

كۆكچە دېڭىز موغۇلىستان بىلەن ئۆزبېكىستان ئارىسىدا پاسىل بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر كۆل. ئۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز ئايلىق يولدۇر. توغرىسى (كەڭلىكى) بەزى يەرلىرىنىڭ قىياسەن ئوتتۇز فەرسەڭ[1] كېلىدۇ. قىش كەلگەن ۋاقتىدا كۆكچە دېڭىزدا مۇز تۇتىدۇ. ئۆزبېكلەر مۇز ئۈستىدىن تېزلىك بىلەن يۈرۈپ ئىككى كېچە - كۈندۈزدە موغۇلىستانغا ئۆتىدۇ. زېمىستان ئاخىرلىشاي دېگەندە يەنە ئاشۇنداق سۈرئەت بىلەن يۈرۈپ ئۆزبېكىستانغا كېتىدۇ. ئەمما، زېمىستاننىڭ ئاخىرىدا ئۆتۈش خەتەرلىك، چۈنكى بەزىدە مۇز سىنىپ، يۈز - ئىككى يۈز ئۆيلۈك كىشى مۇز ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. كۆكچە دېڭىزنىڭ سۈيى تاتلىق، شۇنچىۋالا دەريالار كۆكچە دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. ھېچ يەرگە ئايىغى چىقمايدۇ. ئايىغى چىقمىدىغىنى بۇ كۆلگە قۇيۇلىدىغان نەچچىلىگەن دەريالاردىن پەقەت بىرىنىڭ سۈيىچىلىك بولۇپ، ئۆزبېكىستانغا چىقىدۇ. ئۇنى «ئەتىل» دەپ ئاتايدۇ، ئۇنىڭ سۈيى قۇلزۇمغا قۇيۇلىدۇ.

موغۇلىستاننىڭ ئاجايىباتلىرىدىن يەنە بىرى ئىسسىقكۆل بولۇپ، كۆكچە دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان سۇلارنىڭ مىقدارىچە سۇ ئىسسىقكۆلگىمۇ قۇيۇلىدۇ. بۇ ئىسسىقكۆلنىڭ دائىرىسى يىگىرمە كۈنلۈك يولدۇر. ئىسسىقكۆلنىڭ سۈيىنىڭ ھېچ يەرگە ئايىغى چىقمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى تاغدۇر. ئىسسىقكۆلگە كىرىۋاتقان مۇشۇنچىۋالا سۇلارنىڭ ھەممىسى تاتلىق ۋە لەززەتلىك سۇ بولسىمۇ، كۆلگە كىرىش بىلەنلا شۇ دەرىجىدە ئاچچىق بولىدۇكى، ئۇنىڭدا مۇتلەق تاھارەت ئالغىلى بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن كۆزگە ياكى ئېغىزغا بىرەر تامچە كىرىپ كەتسە ئېچىشتۇرىدۇ. لېكىن، ئۇ سۇ ناھايىتى ساپ ۋە پاكىزە بولۇپ، ئۇنى چىنە ياكى كاسىغا ئالسا، ئۇنىڭ ئەسلا دېغى كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپى ناھايىتى گۈزەل ۋە يېقىملىق دەل - دەرەخلەر ۋە گۈل - چېچەكلەر بەك كۆپ، ئىنتايىن خۇشھاۋالىق. تاغ ۋە سەھرالىرىدا كىيىكلەر، رەڭگارەڭ قۇشلار ۋە ھەرخىل جانىۋارلار تولا، موغۇلىستان ئىچىدە ئۇنىڭدەك خۇشھاۋا جاي كەم.

لېكىن، تارىختا توققۇز يۈز ئون ئالتىدىن[2] بۇيان قىرغىزلارنىڭ زىيان - زەخمىتى تۈپەيلىدىن ھېچبىر موغۇل موغۇلىستاندا تۇرالمىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، تارىختا توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز[3] بولغاندا خاننىڭ ئالىي ھىرىسمەنلىكى ۋە ھىممىتى

① فەرسەڭ — «فەرسەخ»مۇ دېيىلىدۇ. ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر فەرسەڭ 6.24 كىلومېتىرغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 916 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1510 - 1511 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
③ ھىجرىيە 928 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1521 - 1522 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

موغۇلىستاننى ئىزگىنلەشكە ئىشلىتىلدى. تۆۋەندە تەپسىلاتى زىكىر قىلىنغۇسىدۇر.

## ئەسلىدىكى ھېكايەتكە قايتىپ كېلىش

بىلمەك كېرەككى، خاننىڭ يۈكسەك ھىممىتى ۋە ئالىي ھېرىسمەنلىكى دائىم ئىككىلا سائادەتمەن كۆزلىرىنىڭ ئۇ دۇنيالىق ئالىي دەرىجىلەر بىلەن يورۇق ۋە بۇ ئالەملىك يۈكسەك مەرتىۋىلەر بىلەن روشەن بولۇشىنى مەقسەت قىلاتتى. ھەرقانداق كىشىدە يۈكسەك تۇغما تەبىئەت ۋە مۇبارەك ئىرىسىي قابىلىيەت بولسا، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بىرى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ. ھەر كىشى بۇ دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشسا، ئۇنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۇ ئالەمنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى كۆزلەيدۇ. بۇ ئىككى دۆلەت پۈتكۈل خالايىقنى ئادالەت بىلەن ئارام تاپقۇزۇش، توپىلاڭ ۋە بالا ـ قازالارنى غەزەپ ۋە سىياسەت بىلەن تەرتىپكە كىرگۈزۈش ئارقىلىق مۇيەسسەر بولغۇسى.

بۇ مۇقەددىمىدىن مەقسەت شۇكى، ئادالەت يوسۇنىدا ئۇلارغا كېپىل بولۇش خاننىڭ زىممىسىدە بولغان بۇ خالايىقنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنىڭ سانى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، قەشقەرنىڭ تاغ ۋە يايلاقلىرى تارلىق قىلدى. شۇڭا، خالايىقنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن، خاننىڭ كۆڭلىگە موغۇلىستاننى ئىزگىنلەش ھەۋىسى چۈشتى. يەنە قىرغىزلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىمان ئەركانلىرىدىن ئۇزاقتا ۋە دىيانەت ئەمەللىرىنىڭ سىرتىدادۇر. تۈركىستان، شاش (تاشكەنت) ۋە فەرغانە ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭلىرى تۈپەيلىدىن پەرىشان ۋە پاراكەندە ئىدى. گەرچە ئۇ ۋىلايەتلەر ئۆزبېك شەيبانىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، خان بىلەن ئۆزبېك شەيبان كونا دۈشمەن بولسىمۇ، ئەمما خاننىڭ ھېسسىياتىدا ئىسلامنى ھىمايە قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا مېھىر ـ شەپقەت قىلىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، قىرغىزلارنىڭ ئۇ مۇسۇلمانلارغا ئازار ۋە كۈلپەت يەتكۈزگەنلىكى خانغا بەك ئېغىر كېلەتتى. خان ھەمىشە ھېچ بىر مۇسۇلمانغا زىيان، ھېچ بىر كۇپپارغا پايدا يەتمىسە، بەلكى مۇسۇلمانلار مەنپەئەتلەنسە، كۇپپارلار دەپئى قىلىنسا دەپ ئارزۇ قىلاتتى، بۇ ئالەمنىڭ ياخشى نامى ۋە ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى مۇشۇ ئىككى ئىشتىن ئۈمىد قىلاتتى، ئاللاھ ياخشى ئەجىر بەرگەي!

نەزم:

*ئىلاھاكى، بۇ خانغە قىلغىل ئەتا،*
*ئىنايائۇ ئەلتافى بىئىنتىھا.*
*كى ئەدلى بىلە ئالەم ئاباد ئېرۇر،*
*خەلايىق ئەمىنۇ دىلى شاد ئېرۇر.*
*ئانىڭ جۇملە جورىمىنى بەرباد قىل،*
*ھەمە خەيرى ئەئمالىن ئاباد قىل.*
*ئەزىز ئەيلەدىڭ چۈن بۇ دۇنيا ئارا،*
*ئەزىز ئەت ئانى داغى ئۇقبا ئارا.*

مىرزا ئەلى تاغاي، خاجە ئەلى باھادىر ۋە باشقا كۆپ سانلىق ئەمىرلەر بابا سۇلتان تەرەپتە تۇرۇپ، قىرغىزلارنىڭ ۋە موغۇلىستاننىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنىڭ بابا سۇلتانغا تەئەللۇق

www.uyghurkitap.com

بولۇشى ئۈچۈن سەۋەبكارلىق قىلاتتى. چۈنكى، بابا سۇلتاننىڭ ئاتىسى خەلىل سۇلتان قىرغىزلارنى ئىدارە قىلغانىدى، شۇڭا ئۇلار بۇ ئىشقا بابا سۇلتان ئەڭ ھەقلىق ۋە مۇناسىپ دېيىشەتتى. پەقەت يالغۇز تاغاملا رەشىد سۇلتان تەرەپدارى بولۇپ، خاننىڭ ئوغلى بولغان رەشىد سۇلتاننى بۇ مۇھىم ۋەزىپىگە ئىگە بولۇشنى ئۈنىڭغا مۇقەررەرلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىق ۋە سەۋەبكارلىقلارنى كۆرسەتتى. گوياكى، مىسرا:

*بەلايى راست قىلدىم مەن كۆزۈمگە،*

دېگەن مەزمۇن شۇ بولدىكى، يامانلىق ئويلىغانلار ئەزىز ۋە ئەتىۋالىق بولۇپ، دۆلەتنى ئويلىغانلار قەدىرسىز ۋە خارۇ زار بولدى.

قىسقىسى، تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز بولغاندا ھەزرىتى خان رەشىد سۇلتاننى تۇرلۇك شاھانە ئىلتىپاتلار، ھەرخىل جاھاندارلىق ئەسلىھەلىرى بىلەن ئىززەت ـ ئىكراملارغا ئىگە قىلدى، مىرزا ئەلى تاغايىنى ئۇلۇسبېگلىك مەنسىپىگە تەيىنلىدى؛ مۇھەممەد قىرغىزنى قىرغىز تايىپىسىنىڭ ئەمىرى قىلىپ بەلگىلىدى ۋە ئۇنى قاماقتىن چىقىرىپ، رەشىد سۇلتانغا قوشتى، موغۇل تائىپىسىنىڭ ھەربىر گۇرۇھىدىن ئېتىبارلىق ئەمىرلەر ۋە رۇستەم سۈپەت باھادىرلارنى ئىلغاپ ئۈنىڭغا ھەمراھ قىلدى. نەزم:

*سىپاھى ئىدى بىھىسابۇ شۇمار،*
*ھەمە تىغدارانۇ خەنجەرگۇزار.*

خانلىق مەرتىۋىسىنى تەنتەنە قىلغۇچى ئەسۋابلار ۋە سۇلتانلىق سەلتەنىتىنىڭ دەبدەبىسىنى نامايىش قىلغۇچى ئەسلىھەلەر جۈملىسىدىن تۇغ، ناغرا، كارناي، ئەلەم ۋە باشقا زۆرۈر كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەييار قىلدۇرۇپ بەردى؛ لەشكەرلەرگە زىياپەت بەردى ۋە ھەممىسىنى تۇرلۇك ئىلتىپاتلار بىلەن ئەزىز ۋە مۆھتىرەم قىلدى. خان جاھاندارلىقتا ئاساس ۋە ھۆكۈمدارلىقتا سەۋەب بولغۇچى ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى راۋان ۋە پاساھەتلىك ئۇسۇللار بىلەن بايان قىلدى. نەزم:

*تەلەب قىلماغىل غەيرى نامى نىكۇ،*
*كى باقىي قالۇر دەھرى فانىيدا بۇ.*
*نىيەت ئەيلەسەڭ ھەر نېچۈك ئىش ئەگەر،*
*رەئىييەت سەلامىغە قىلغىل نەزەر.*
*بۇ سۆزلەرنى مەندىن ئىشىت، ياد قىل،*
*بولۇر بەخت يارىڭ، دىلىڭ شاد قىل.*

بۇ پەندۇ نەسىھەت جاۋاھىرلىرى رەشىد سۇلتاننىڭ قۇلىقىغا ئورۇنلاشمايتتى، گوياكى مۇنۇ مىسرادا ئېيتىلغىنىدەك. مىسرا:

*رىندلەرگە يەل گىبرۇر پەندۇ نەسىھەت قىلماق،*

ھەر ھالدا ئاشۇ پەندۇ نەسىھەت تۆكىگەندىن كېيىن، ھەممە ئەمىر ۋە لەشكەرلەرنىڭ يۈرۈش قىلىشىغا رۇخسەت بېرىلدى. رەشىد سۇلتان ماڭار ۋاقتىدا خان پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرگە پەرمان قىلىپ:

— سەن رەشىد سۇلتاننىڭ بېلىگە شەمشەر ۋە تەركەش باغلاپ، ئېتىغا مىندۇرگىن، بۇ ئۇنى مۇبارەكلەش بولسۇن. ئۇ ساڭا شاگىرت بولسۇن، سەن ئۇنىڭغا ئۇستاز بولغىن، — دېدى.

نەزىم:

*كىمكەكىم كوق ئاتىشنى ئۆرگەتتىم،*
*مېنى ئاخىر نىشانە ئەيلەدى گول.*

ئۇنىڭغا گۈزەل ۋە مۇلايىم ئەخلاق ۋە شىددەتلىك جەڭ ئەسبابلىرى ھەققىدە شۇنچە تەلىم بەرگەندىم. مىسرا:

*دۇرۇستىيۇ نەرمى بەھەم خوب گىبرۇر.*

روھنى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى مۇپەررىھمۇ دۇرىلارنىڭ ئاچچىقلىقى بىلەن شېكەرنىڭ تاتلىقلىقى ئارىلاشمىسا، مىزاجغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئەمما، بۇ بايان قىلىنغان ئىككى خىل مەزمۇندىن ئالدىنقىسىنى يېقىن تۇغقانلارغا، ئىككىنچىسىنى ياتلارغا ئىشلەتتى. نەزم:

*ھەر تەرەف نەچچە سەبۇكەش باردۇرۇر بۇ دەيرئارا،*
*تەگدى ئەمماكىم سەبۇيۇمغە مېنىڭ سەڭگى جەفا.*

قىسقىسى، رەشىد سۇلتان يۇقىرى دەبدەبە ۋە ھەيۋەت - ھەشەمەت بىلەن يولغا راۋان قىلىندى. خانمۇ قەشقەرغىچە ئۇزىتىپ باردى. نەزم:

*رەۋان بولدى شەھزادەئى كامكار،*
*رەفىقى بولۇپ ئەۋنى پەرۋەردىگار.*

ئۇلار موغۇلىستانغا بارغاندىن كېيىن، مۇھەممەد قىرغىز ئىلگىرى يۈردى. قىش يېقىنلاشقاندا موغۇلىستان سەھراسىغا يېتىپ باردى. قىش بولغاندا قوچقاردا قىشلاق قىلدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# ئىپار ھىد بىلەن تونۇلغان ئەسەرلەر

## ھەمدخان ئىسلامي

خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند(718 ـ 1318 ــ 791 ـ 1389) پائالىيىتى پۈتۈن دۇنيا ئىنسانپەرۋەر كىشىلىرىنىڭ ھەقلىق رەۋىشتە پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيدۇ. چۈنكى نەقشبەند تەلىماتىنىڭ ئاساسىي ماھىيىتى ئىنسانپەرۋەرلىكتۇر. يەنى جەمئىيەتتە ئەخلاقى پاك، پىكرى مۇكەممەل، كامىل ئىنسان يېتىشتۈرۈش، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىش، ئىنسانىنى خەلقپەرۋەرلىك، جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش روھىدا تەربىيىلەشتۇر. دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ مەسىلىلەر ھەر بىر جەمئىيەت ۋە دەۋرنىڭ ئالىي مەۋقەسى بولۇپ كەلگەن.

خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند تەلىماتى توغرىسىدىكى مۇھىم مەنبەلەر بولغان ھەزرىتى مەۋلانە ئابدۇرەھمان جامىينىڭ ھىجرىيە 883 ـ يىلى (مىلادىيە 79/1478 ـ يىللىرى) يازغان «نەفەھاتۇل ئۈنس مىن ھەزەراتۇل قۇدس» (پاك زاتلار ھۇزۇرىدىن چىققان دوستلۇق خۇشپۇراقلىرى)، ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ھىجرىيە 901 ـ يىلى (مىلادىيە 96/1495 ـ يىللىرى) يازغان «نەسىيمۇل مۇھەببەت مىن شەمايىمۇل فۇتۇۋۋەت» (ئۇلۇغلۇق خۇشپۇراقلىرىنى تاراتقۇچى سۆيگۈ شامالللىرى) قاتارلىق ئەسەرلەر بىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە قوليازما شەكلىدە يېتىپ كەلگەن. ئۇشبۇ ئەسەرلەردە ئىلمى كۆھەنات (ئەڭ قەدىمىي ئىلىملەر)، ئىلمى سەقەلەين (ئىنسان ۋە جانلىقلار ھەققىدىكى ئىلىملەر)، ئىلمى نۇجۇم، ئىلمى شەرئەت، ئىلمى تەرىقەت، ئىلمى مەرىفەت، ئىلمى ھەقىقەت، ئىلمى رىيازەت، ئىلمى تەۋھىد، ھوقۇق، كىميا، تەناسۇخ ئىلمى، پەلسەپە، ئەدەبىيات، تىل، تارىخ، مەنتىق، ئېتىكا، سەنئەت، جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەر دۇنيا دائىرىسىدە، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئېقىم بويىچە ماۋزۇ دائىرىلىرىگە ئايرىلىپ، ئىلمىي سۆپەتتە كۆرسىتىلگەن ۋە كۆپلىگەن ئەۋلىيالارنىڭ يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن ئىلىم ساھەلىرىدە يۈكسەك بىلىم ئىگىسى بولغانلىقلىرى قەيت قىلىنغان. دېمەك «نەفەھاتۇل ئۈنس» ۋە «نەسىيمۇل مۇھەببەت» ئەسەرلىرى دۇنيادا مەۋجۇت بولغان بارلىق ئىلىملەر مۇجەسسەملەنگەن بۈيۈك قامۇسلاردىندۇر.

ئابدۇرەھمان جامىينىڭ «نەفەھاتۇل ئۈنس» ناملىق ئەسىرىدە VIII ئەسىردىن باشلاپ تاكى جامىي ئۆزى ياشىغان دەۋرگىچە بولغان غەربىي ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئۆتكەن 616 نەپەر ئەۋلىيا ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئورۇن ئالغان. ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەۋلىيالارنى يەنىمۇ تولۇقلاش ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە «نەسىيمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىنى يازغان. ئەسەردە غەربىي ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ VI ئەسىردىن باشلاپ تاكى نەۋائى ئۆزى ياشىغان دەۋرگىچە ئۆتكەن ھەمدە ئەلىشىر نەۋائى زامانداشلىرىدىن بولۇپ 770 نەپەر ئەۋلىيا ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. بۇنىڭدا ھىندىستاندا ياشىغان ئەۋلىيالار، مەركىزىي ئاسىيا ئۇلۇغلىرى ۋە نەۋائى زامانداشلىرىدىن بولۇپ 157 نەپەر ئەۋلىيانىڭ ئابدۇرەھمان جامىينىڭ «نەفەھاتۇل ئۈنس» ناملىق ئەسىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئورۇن ئالغان.

لىقى نەۋائى ئەسىرىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئۆزگىچىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. جۇملىدىن، ئەھمەد يەسسەۋىي، قۇتبىددىن ھەيدەر، ھاكىم ئاتا، قۇرقۇت ئاتا، ئىلياس شەيخ، بابا ماچىن، زەڭگى ئاتا، ئەدىب ئەھمەد، شەيخ ئارەزىي، مەۋلانا لۇتفىي، شەيخ نەسىمىي، مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامىي ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مۇتەپپەككۇرلار ئەۋلىيا دەرىجىسىدە تەرىپلەنگەن ۋە ھاياتىي پائالىيەتلىرى يورۇتۇلغان. بىز بۇ ئەسەرنى يېزىشتا ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن ۋە ھازىر سانت - پېتىربورگدا ساقلىنىۋاتقان 97—a رەقىمىدىكى قولىيازمىدىن پايدىلاندۇق. تۆۋەندە مەتىندىن ئېلىنغان نەقىللەر شۇ قولىيازما ئاساسىدا كۆرسىتىلىدۇ.

ئاپتورنىڭ «نەسىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە ئەلىشىر نەۋائىغىچە (ئۆز دەۋرىگىچە) بولغان 800 يىللىق دەۋرنىڭ تەسەۋۋۇپ ئېقىملىرى، يۆنىلىشلىرى ۋە تەلىماتلار، ئەۋلىيالارنىڭ پائالىيەت، كارامەتلىرى كەڭ تۈردە بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ بىر قىسمى ئۇۋەيس قەرەنىي، ھەسەن بەسرى، ئىبراھىم ئەدھەم، زۇننۇن مىسرى، ئەبۇ يەزىد بەستامىي، مۇھەممەد ئەلى ھەكىم ئەت - تېرمىزىي، ئەبۇ ھافىز ھەدداد، جۇنەيد باغدادىي، مەنسۇر ھەللاج، ئەلى ئىبنى ئوسمان غەزنەۋىيلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن تەركىب تاپقان بولسا، يەنە بىر قىسمىدا يۇسۇپ ھەمەدانىي، خوجا ئابدۇخالىق غىژدۇۋانىي، ئەھمەد يەسسەۋىي، قۇسەم شەيخ، خېلىل ئاتا، بابايى سەماسى، ئەمىر سەيىد كۇلال، خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەند، سەدىرىددىن كاشغەرىيلەر مۇناسىپ ئورۇن ئالغان.

ئەلىشىر نەۋائى «نەسىمۇل مۇھەببەت»نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى «بۇ تايىفەنىڭ ئەئمال ۋە ئەفئالى ۋە مۇئامىلات ۋە رىيازىياتدىن بەئزىنى زىكر قىلماق» بايانىدا ئەۋلىيالارنىڭ ھالال تىرىكچىلىكى ئۈچۈن مۇستەقىل كەسىپلىرى بولغانلىقلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. جۇملىدىن، ئەبۇ سەئىد —تاشچى، ئەبۇئىسمائىل ئەل ئەنسارى — ئۆتۈكچى، مۇھەممەد سەككاكى — پىچاقچى، ئەبۇ ھافىز ھەدداد — تۆمۈرچى، ئەبۇل ئابباس ئاملىي — قاسساپ، ئەبۇ بەكر ھەبباز — يۆتمەكچى (؟)، مىرچەئىي — قازانچى، ئەبۇ ھەسەن — مۇئەززىن، شەيخ بەننانىنىڭ ھامماللىق بىلەن كۈن كەچۈرگەنلىكلىرىنى ئېيتىپ، خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەند توغرىسىدا شۇنداق يازىدۇ: «ئىماننىڭ يېگانىسى ھەزرىتى خوجا باھائۇددىن نەقشىبەند (ئاللاھ ئۇ زاتنىڭ روھىنى مۇقەددەس قىلسۇن) كىمخابكە نەقش باغلىماقتا مەشغۇلدۇر» (2—b ۋاراق).

ھالال مېھنەت بىلەن ياشاشنى ئىبرەت قىلىپ كۆرسەتكەن بۇ لەۋھەدە ھەزرىتى خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەند كىمخابقا نەقش بېسىشقا ماھىر بولغانلىقتىن «نەقشىبەند» — كەسىپ لەقىبى بىلەن ئاتالغانلىقى كۆرسىتىلگەن. باھائۇددىن بولسا ئەللامىنىڭ ئىززەت سۈپىتىدۇر. لۇغەت مەنىسى دىندا ئۇلۇغ، كەڭ مەنىدە دىنىنىڭ كىشىسى دېمەكتۇر. ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد، تۇغۇلغان جايى بىلەن قوشۇلۇپ ئەل - بۇخارىي ئاتىلىدۇ. پۈتۈن شەرق دۇنياسىدا خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەند دېگەن نام بىلەن بۈيۈك ئەۋلىيا دەرىجىسىدە مەشھۇردۇر. ئەلىشىر نەۋائى «ئەۋلىيا» چۈشەنچىسىنى ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەس - سالامىي توغرىسىدىكى بايانىدا شۇنداق يازىدۇ: «ئاندىن سوردىلەركى، ئەۋلىيالارنى خەلق ئارىسىدا نە ئاسار ۋە ئالامەت بىلەن تونۇغايلەر؟ دېمەك، تەكەللۇمىنىڭ لەتافەتى بىلە، خۇلقىنىڭ خۇبلىغى بىلە ۋە يۈزىنىڭ تازەلىغى بىلە ۋە نەفسىنىڭ سەخاۋەتى بىلە ۋە ئېتىراز قىلەتى بىلە ۋە ئۇزرىنىڭ قەبۇلى بىلە ۋە بارچە ئەلگە خاھ سالىھ ۋە خاھ تالىھ» (19—a ۋاراق).

www.uyghurkitap.com

ئۇشبۇ تەئلىمي تەۋسىفدە «ئەۋلىيا دەرىجىسىگە يەتكەن كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى گۈزەل، كۆركەم، مۇلايىم، يېقىملىق بولۇشى، خۇلقىنىڭ ئالىجاناپ بولۇشى، يۈز كۆرۈنۈشىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى پاكلىقى، نەفسىنىڭ توغرا ۋە مەردانە بولۇشى، ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ناھايىتى نازۇك مۇناسىۋەتلەردە بولۇشى، ھەر قانداق ئۆزرىنى قوبۇل قىلىشى، ئاداۋەت ساقلىماي ئەپۇچان بولۇشى، ھەتتا بارچە ئەلگە — مەيلى ياخشى مەيلى يامانغا» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدا ئەۋلىيالارنىڭ خەلق ئىچىدە قانداق خىسلەت ۋە سۈپەت بىلەن ياشىغانلىقى ئوقۇرمەنگە ئايان بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى «نەسىيمۇل مۇھەببەت» ئەسىرىنىڭ ئاساسى قىسمىنى «ئەۋلىيالەرگە ۋاقىئ بولغان خەۋارىق ئادەت ۋە كارامەت بەيانى» سەرلەۋھەسىدىن باشلىغان. 450 ـ تەرتىپتە ھەزرەت خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەند توغرىسىدا شۇنداق يازغان: «خوجا باھائۇددىن نەقشىبەند قەددەسەللاھۇ تەئالا سىررەھۇ ئۇنىڭ ئاتى مۇھەممەد بىننى مۇھەممەد ئەل ـ بۇخارىيدۇر ۋە ئۇلارغا قوبۇل نەزەرى فەرزەندلىقتا خوجا مۇھەممەد بابايى سەماسىيدىندۇر ۋە ئادابى تەرىقەت تەئلىمى زاھىر يۈزىدىن ئەمىر سەييىد كۇلالدىندۇر، ئانداقكى ئۆتتى. ئەمما ھەقىقەت يۈزىدىن ئۇۋەيسىدۇرلار ۋە تەربىيەت ھەزرەتى خوجا ئابدۇخالىق غىژدۇۋانىي قەددەسە سىررۇھۇ روھىدىن تاپىپتۇرلار» (63—a ۋاراق). ئۇنىڭدىن ئاۋۋال 446 ـ تەرتىپتە تۆۋەندىكىچە يازغان: «خوجا مۇھەممەد بابايى سەماسىي (رەھمەتۇللاھى تەئالا) ھەزرەتى خاجەئى ئەزىزاننىڭ خەلىپەسىدۇر. (ئۇرۇنباسارى — ھەمىدخان ئىسلامىي) ۋە خوجا باھائۇددىن ھەزرەتلىرىگە ئۇلاردىن قوبۇل نەزىرى فەرزەندلىققە ۋاقىئە بولۇپتۇر ۋە ئالاردۇرلاركى بارلار قەسرى ھىندۇۋاندىن ئۆتەردە دەرئەرمىشلەركى بۇ تۇفراغدىن بىر ئەر ئىسى كېلەدۇر. بات بولغايكى قەسرى ھىندۇۋان، قەسرى ئارىفان بولغاي» (61 ـ ۋاراق). بۇ تەبىردىن كېيىن مەتىن داۋامىنى شۇنداق يازغان: «تا بىر كۈنكى سەييىد ئەمىر كۇلال مەنزىلىدىنكى ئۇلارنىڭ خەلىپىسىدىندۇر. قەسرى ئارىفان سېرى مۇتەۋەججىھ ئەردىلەر. دەرلەركى ئۇل ئەر ئىسى بىزنىڭ دىماغىمىزگە يېتەر ئەردى. ئارتۇغراق بولۇپتۇر. ھامانەكى ئۇل ئەر مۇتەۋەللىد بولۇپتۇر. چۈن نۇزۇل قىلىپتۇرلار، ھەزرەتى خوجا باھائۇددىن ۋەلەددىن ئۈچ كۈن ئۆتكەن ئىكەندۇر. ئالارنىڭ جەددى بىر مۇئامىلە ئالارنىڭ كۆكسىگە قويۇپ، ئالارنى ئىخلاس ۋە نىياز بىلە خوجا مۇھەممەد بابا نەزىرىگە كەلتۈرۈپتۇر. خوجا مۇھەممەد بابا دەرلەركى: ئۇل بىزنىڭ فەرزەنتىمىزدۇر ۋە بىز ئانى قەبۇل قىلدۇق ۋە ئەسھاب سارى باقىپ دەپدۇرلاركى: بۇ ئول ئەردۇركى بىزگە ئانىڭ ئىسى يېتىپ ئەردى، روزىغارىنىڭ مۇقتىداسى بولغاي ۋە ئەمىر سەييىد كۇلالغا بۇيرۇدىلەركى: فەرزەندىم باھائۇددىن ھەققىگە تەربىيەت ۋە شەفقەتنى دەرىغ تۇتماغايسەن ۋە سەنگە بىھىل قىلماغايسەن، ئەگەر تەقسىر قىلساڭ» (يۇقىرىقى ۋاراق). ئۇنىڭدىن كېيىن 447 ـ تەرتىپتە سەييىد ئەمىر كۇلال توغرىسىدا يازغاندا: «مەزكۇر خوجا مۇھەممەد بابانىڭ خەلىپەسىدۇر. ھەزرەتى خوجا باھائۇددىنغا سۆھبەت نىسبەتى ۋە تەرىقەت سۇلۇكى ئادابى تەئلىمى ۋە زىكىر تەلقىنى ئالاردىندۇر» (62—a ۋاراق) دەپ يەنىمۇ ئېنىق تەبىر بەردى.

بۇ مەنبەلەردىن بىزگە شۇ مەسىلە ئېنىق بولىدۇكى، تۇغۇلۇشىدىن ئۆزىنىڭ خۇشبۇي ئىپار ھىدى ئەتراپقا تارقالغان خوجا مۇھەممەد، خوجا ئابدۇخالىق غىژدۇۋانىينىڭ ئىزدىشى (پىكىردىشى، ۋارىسى) بولغان بابايى سەماسىي ئۆز پەرزەنتلىكىگە ئالغانلىقىنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن باھائۇددىن سۈپىتى بىلەن ئاتالغان. شۇ زاماندىكى قەسرى ھىندۇۋاننىڭ خوجا باھائۇددىن تۇغۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن قەسرى ئارىفان دەپ ئاتىلىشىمۇ بابايى سەماسىيغا

تەئەللۇقتۇر. خوجا باھائۇددىننىڭ تەرىقەت يوللىرىنىڭ ئەدەبۇ - تەلىملىرى ۋە بايان ئېتىش تەلقىنىنى ئۆگىتىش ئەمىر سەييىد كۇلالغا مەخسۇس تاپشۇرۇلغان. يەنى خوجا باھائۇددىننىڭ ھەقىقەت ئىلمى تەلىملىرىنى — روھىيەت جەھەتتىن مەنىۋىيەت ئىلمى ئالىمىنىڭ ئەللامىسى ئابدۇخالىق غىژدۇۋانىيدىن تاپقانلىقلىرى مەلۇم. «ئەمما ھەقىقەت يۈزىسىدىن ئۇلار ئۇۋەيسىيدۇرلار» ئىبارىسى ئۈستىدە توختالساق، ھەزرەتى ئەلىشىر نەۋائى ئۇۋەيسى توغرىسىدا بۇنداق يازغان: «... ۋە ھەزرەتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى ئۇل كۆرمەيدۇرلار ئەردى ۋە ئۇل ھەزرەتمۇ ئانى زاھىر كۆزى بىلە كۆرمەيدۇرلار ئەردى. مەنا ۋە روھانىيەت يۈزىدىن تەربىيەت قىلىب ئەردى. بۇ جەھەتتىن ھەر كىشى بۇ تائىفىدىن زاھىر يۈزىدىن پىرى مەلۇم بولمىسا ۋە مەشايىخدىن بىرىنىڭ روھى ئانى تەربىيەت قىلغان بولسا، ئانى ئۇۋەيسىي دەرلەر» (4 - ۋاراق). شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند ھەقىقەت ئىلمى سىرلىرىنى روھىيەت جەھەتتىن خوجا ئابدۇخالىق غىژدۇۋانىدىن تاپقانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇشبۇ مەسىلىلەر بىزگە ئۆز تارىخىي يىلتىزىغا ئاساسلانغان ھالدا تەسەۋۋۇپ ئىلمى قانۇنلىرى ئاساسىدا ياندىشىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئا. پ. قەيۇمۇۋ «نەسىيمۇل مۇھەببەت» نىڭ سۆز بېشىدا: «‹نەسىيمۇل مۇھەببەت› نىڭ ئاساسىدا جامىي ئەسىرى ياتقانلىقى تۇپەيلى بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان پىكىر ۋە قاراشلار جامىي ۋە نەۋائىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەك. كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تەسەۋۋۇپ ئەھلىگە تەئەللۇق مەلۇماتلاردىن ئىبارەت» دەپ يازغان ئىدى (ئە. نەۋائى. ئەسەرلىرى، 14 - توم، 9 - بەت). بۇ ئەڭ توغرا ۋە ئادىل كۆرسەتمىدۇر. شۇنداق ئىكەن خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي يىلتىزلىرى تەسەۋۋۇپ ئىلمىنىڭ قانۇنى ۋە قائىدىلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشلىقتۇر. ئەلىشىر نەۋائى ئەنئەنىسىگە ئەمەل قىلغىنىمىزدا «پەردە» نى ئاچماسلىقىمىز لازىم بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق ۋاقىت تەسەۋۋۇپ ئىلمى تەلىماتى قانۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكىمىز، ئۇنتۇش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئاز بولسىمۇ تەسەۋۋۇر بېرىش نىيىتىدە قولدىن كەلگەنچە «پەردە» نى ئاچقايمىز.

تەسەۋۋۇپ ئىلمى ئىسلام مەنىۋىيىتىنىڭ، پۈتۈن جاھان تەپەككۇر ئىلمىنىڭ بۈيۈك تەلىماتىدۇر. تەسەۋۋۇپ ئىنساندا ئارقىغا چېكىنمەيدىغان ئىرادىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. تەسەۋۋۇپ مەقاملىرى ئىنساننى دانالىققا، دانىشمەنلىككە چاقىرىدۇ. خەلقىنىڭ دانىشمەنلىكى ئاشىدۇ. دانالىق مۇجەسسەم بولغاندا، ئىجتىمائىي - سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئومۇمەن جەمئىيەتتىكى بارچە مەۋجۇت مەسىلىلەر ھەققىدە ئىنسان ھەقىقەتكە مۇۋاپىق پىكىرلەر مەيدانغا كېلىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئىلمى ئىنسانىيەتنى ئىدراكى، دانىشمەنلىك مەقامى ئارقىلىق يۈكسەكلىككە ئىنتىلدۈرىدۇ. پۈتكۈل ئىشلاردا ئىلمىيلىكنى رۇياپقا چىقىرىدۇ. ئەقىل - ئىدراك ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇققا ئېرىشىش، ئۆز - ئۆزىنى ئەركىن باشقۇرۇشقا يوللايدۇ. ئەسىرلىكتىن، قۇللۇقتىن، زۇلۇمدىن ئۆزىنى ئازاد قىلىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنساننى روھى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ ئاشۇنداق تەلىماتتۇر.

تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدا دەسلەپ تۆۋەندىكى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىنىدۇ: «ئىلمۇل يەقىن»، يەنى ماھىيەتنى ئىلىم بىلەن بىلىش، «ئەينۇل يەقىن»، يەنى ماھىيەتنى ئېنىقلاش ۋە «ھەققۇل يەقىن»، يەنى ئاللاھنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى تەن ئېلىش. بۇ قائىدىلەر تەسەۋۋۇپ ئىلمىگە كىرىشنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرىدۇر. ئىسلامدا ئىلىم ئۆگىنىش شەرىئەت قانۇنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى

قىلىپ بەلگىلەنگەن. تەسەۋۋۇپ ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى بارلىقتا، مەنىۋى ھاياتتا بولغان مۇناسىۋەتتىكى تەپەككۇر قانۇنىدۇر. ئەنە شۇ قانۇن (تەسەۋۋۇپ) تەلىماتىنىڭ بۈيۈك پەلسەپەسىدۇر.

تەسەۋۋۇپ تەلىماتى: 1) ئىلمى شەرىئەت؛ 2 ) ئىلمى تەرىقەت؛ 3) ئىلمى مەرىفەت؛ 4) ئىلمى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىكى ئىلىم ئىبارىسى — پەن دېمەكتۇر. تەسەۋۋۇپ ئىلمى شەرق ئالىمىدە، مۇسۇلمان دۇنياسىدا ھازىرمۇ پەن سۈپىتىدە ئۆگىنىلىپ كەلمەكتە. بۇ تۆت تۈرنىڭ ھەربىرى ئون مەقامدىن قىرىق ماقامنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر تۈر شەرىئەتتە ئون مەرتىبە، تەرىقەتتە ئون نۇر، مەرىفەتتە ئون يول، ھەقىقەتتە ئون ئورۇن بىلەن، جەمئىي 80 مەقامنى تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئاشۇنداق 80 مەقامغا قانۇنلاشقان تەلىماتتۇر. بۇلاردىن شەرىئەت ئەمەل قىلىش شەرت بولغان قانۇندۇر. تەرىقەت مۇجەسسەملەشكەن قەتئىي ئەدەپ - ئەخلاقتۇر. ئەلىشىر نەۋائى «نەسىيمۇل مۇھەببەت» دە ئەۋلىيالار توغرىسىدا: «ئاللاھنىڭ ئىشى شەرىئەت رىئايەدۇركىم ۋە تەرىقەت ئەدەبىدۇركىم» دەپ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ ئۆتكەن. «ئۇل ئەدەبدۇركى ياخشى ۋە يامانغا، ئۇلۇغ ۋە كىچىككە بەجا كەلتۈرۈرلەر. ئانداقكى بارچە خەلايىقتىن ئۆزلەرىن كىچىك ۋە كەمرەك تۇتارلار ۋە بارچىگە خىزمەت ھۇزۇرىدا بولۇرلار. ھەتتاكى ئۆز فەرزەندلەرىگە، خادىم ۋە مەملۇكلەرگە، ھەر نەچچە ئالاردىن بى قائىدىلەرنى كۆرسىلەر، خۇشنۇد بىلە ئالارگە سۆز دېمەسلەر، بەلكى نەسىھەتنى يۇمشاق ۋە چۈچۈك تىل بىلە قىلۇرلار، ھەتتا ئوغرەغىچە» (3—a ۋاراق). بۇ قائىدىلەر ئەۋلىيالارنىڭ خەلق ۋە جەمئىيەتتىكى ۋەزىپىلىرى ۋە بۇرچى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىدۇ. يەنى ئىلمى مەرىفەت، ئىلمى ھەقىقەت بولسا ئەۋلىيالارنىڭ ئۆزىگە خاس يولىدۇر. مەسىلەن، مەرىفەت ئەۋلىيالارنىڭ ئۆزىنى ئاڭلاپ يېتىش تەرىپىدە يول تۇتۇشىدۇر، ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، نەفسىنى تىيىشتۇر. ھەقىقەت بولسا ئۆز روھىنىڭ تەڭرى روھى بىلەن باغلىنىشقا يول تۇتۇشتۇر. كەڭ مەنىدە ياراتقۇچىنىڭ بىرلەمچى، يارالمىشنىڭ ئىككىلەمچى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تەلىماتتۇر. بۇنىڭدا ئەۋلىيالار ئەنە شۇ سىر - ئەسرارلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىگە خاس يول تۇتىدۇ. شەرقنىڭ بۈيۈك تەلىماتچىلىرىدىن جۇنەيد باغدادىي، مەنسۇر ھەللاج، شەقىق بەلخىي، مۇھەممەد غەزالىي، يۈسۈپ ھەمەدانىي، ئابدۇخالىق غىژدۇۋانىي، ئەھمەد يەسسەۋىي، خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەندىلەرنىڭ ئەنە شۇ تەسەۋۋۇپ ئىلمى تەلىماتلىرىگە تايىنىپ فەرىدىددىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمىي، ھافىز شىرازىي، خىسراۋ دېھلەۋىي، سەئدى شىرازىي، ئابدۇرەھمان جامىي، ئەلىشىر نەۋائى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مۇتەپەككۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىنى يازغان ۋە ئۆز ئىجادلىرىدا بۇ تەلىماتنى كەڭ تەدبىق ئەتكەن. ئەسەرلىرىنىڭ غايە ۋە مەزمۇنىنى تەسەۋۋۇپ ئىلمىدە سۇغارغان. ئەمما سوۋېت دەۋرىدە بۇنداق ئەسەرلەرگە رېئاكسىئون، مىستىتىك، خۇراپىي نامدىكى تامغىلار بېسىلىپ، تەپەككۇرنىڭ ئەركىن تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىندى. ئەنە شۇ تەسەۋۋۇپ ئىلمى تەلىماتى ۋە شۇ تەلىمات ئاساسىدىكى بەدىئىي ئەدەبىياتلاردا ئىپادە ئەتكەن غايە ۋە مەزمۇنلارنىڭ ياۋروپا پەلسەپەسىگە ئاساس بولغانلىقى بىكار ئەمەس. بۇ پەلسەپە تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى ئاساسىي غايىلەرنى ئالەمشۇمۇل پەن دەرىجىسىگە كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئىلغارلىشىپ كەتتى. تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدا ئۈچ باسقۇچ مەۋجۇت: 1) دەرۋىشلىك 2) سۇفىيلىق 3) فەقىرلىق. بۇنىڭدا دەرۋىشلىك يولى سۇفىيلىق ئۈچۈن ئالدىنقى قەدەمدۇر. يەنى تەسەۋۋۇپ ئىلمىنىڭ مەقاملىرىغا يول ئېلىشتۇر. سۇفىيلىق — تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ

قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىش بىلەن ئۆزىنى شۇ تەلىمات يولىغا سېلىشتۇر.

فەقىرلىق يولى بولسا ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ پۈتكۈل سىرلىرىنى بىلىشتۇر. بۇ ئەڭ مۇرەككەپ يولدۇر. مەنسۇر ھەللاج نامى بىلەن ئېيتىلغان «فەقىر — دىيدارى ھەقتائالادۇر»، «ھەركىم كۆردى كۆرمەدى» يەنى ئاللاھنى زاھىر كۆزى بىلەن كۆرۈش ئەمەس، كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرۈشتۇر. بۇ بولسا ئەينى ۋاقىتتا ئوبيېكتىپ ئالەمنىڭ سىر - ئەسرارلىرىنى، قۇدرەت - كارامىتىنى بىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزلۈكىنى ئاتلاش يولى بىلەن ئېرىشىش، ئۆز روھىنىڭ ئاللاھ روھى بىلەن باغلىنىش مەسىلىسىدۇر. شۇنداق ئىكەن تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئەۋلىيالارنىڭ ئۆزلۈكىنى ئاتلاش يولى، يەنى ئۆزىگە يۈزلەنگەن يول تۇتۇش سۈلۈكىدۇر. كېيىن ئۇنىڭ يەتتە ۋادىسىغا ئۆتۈلىدۇ. دېمەك بۇ يولدا يېتۈك ئىنسان مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭدا كامىل ئەقىل بىلەن تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئىلمىي تەلىماتى ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ھەممە ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شۇ يولنى تۇتقان مۇتەپەككۇرلار ئۈچۈن مەخسۇس سۈلۈكتۇر. ئابدۇرەھمان جامىي، ئەلىشىر نەۋائىلار ئۆز ئىختىيارلىقلىرى بىلەن فەقىرلىق يولىغا ئۆتكەن. ئەنە شۇ يېتۈك ئەۋلىيالار ئۆز پائالىيەتلىرىدە خەلققە توغرا يول كۆرسەتكەن ۋە كىشىلەرنى پەزىلەتلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلغان، توغرا يولغا باشلىغان. سوۋېت دەۋرىدە تەسەۋۋۇپ ئىلمىي تەلىماتى ئىنكار قىلىندى. چۈنكى سوۋېت دەۋرىنىڭ ھۆكۈمران ئىدىئولوگىيىسىگە تەسەۋۋۇپ تەلىماتى قارىمۇقارشى ئىدى. سوۋېت دەۋرى يېتىشتۇرگەن «شەرقشۇناس»لار بۇ تەلىماتنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن يېڭى ئاتالغۇ ئىشلەپ چىقىشتى. يەنى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا نىسبەتەن ئىككىنچى باسقۇچى بولغان سۇفىيلىقنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش بىلەن چەكلەنمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن «لىك»نى ئېلىپ تاشلاپ «ئىزم»نى قوشۇش بىلەن «سۇفىزم» ئاتالغۇسىنى ئىجاد ئەتتى. باسقۇچ تەلىمات دېيىلدى. ئاساسىي تەلىمات بولغان فەقىرلىق ئېتىۋاردىن چەتتە قالدى. نەتىجىدە ئۆزلىرى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. تەلىماتنى يوق قىلىشنى باشلىدىيۇ، ئەمما ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالمىدى. «سۇفىزم» ئاتالمىسىنى ئىشلەپ چىققانلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ تەشۈشتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. بۇ تەلىماتقا قىزىققۇچىلارنىمۇ يولدىن چىقىرىشتى. ماھىيەتنى بىلىشكە ئىنتىلگەنلەرنى گۇمراھ قىلىشتى. بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى ئىلغار جەمئىيەتتە بۇنداق خاتالىقتا بەرھەم بېرىش ھەربىر ساپ نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ مۇقەددەس بۇرچى بولمىقى لازىم. ئەلىشىر نەۋائى «ھەق سۇبھانە ۋەتائەلا بەنى ئادەمدىن شەرەفراق ۋە بۈيۈكراق خەلق قىلمايدۇر». يەنى ئىنساندىن ئۇلۇغ ۋە ئىنساندىن يۈكسەك ھېچ نەرسە يوقتۇر، دەپ ئۇقتۇرۇپ ئۆتكەن ئىدى. تارىختا ئاساسلانغاندا ئىنسانىيەت ياراتقان بۇ تەلىمات مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋامىدا ئۆز قانۇن ۋە قائىدىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ۋە پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ بولغان. ئەلىشىر نەۋائى ئەبۇ بەكرى ئەل - ئابخەرىي باياندا: «ئاندىن سورىدىلەركى، ھەقىقەت نېدۇر؟ دېدىكى، بارچىسى ئىلىمدۇر. دېدىلەركى، ئىلىم نېدۇر؟ دېدىكىم، ئىلىمنىڭ بارچىسى ھەقىقەتتۇر» (a—30 ۋاراق). يەنى ھەر قانداق ھەقىقەت ئىلمىيلىككە ئۇيغۇن بولمىقى ۋە ھەرقانداق ئىلمىيلىك ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىقى شەرتتۇر. بۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ ئىلمىنىڭ يېڭىچە ئىلمىي غايىنى مەيدانغا كەلتۈرگىنىنى كۆرۈمىز. دېمەك، شەرىئەتكە رىئايە قىلىش ۋە تەرىقەت ئۇسسۇل - قائىدىلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەند تەلىماتى ئىلمى شەرىئەت، ئىلمى تەرىقەت، ئىلمى مەرىفەت ۋە ئىلمى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەسەۋۋۇپ ئىلمى تەلىماتىنىڭ پۈتۈن يىغىندىسى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشلىقتۇر. بۇ

www.uyghurkitap.com



تەسەۋۋۇپ يولى ئارقىلىق كۆپلىگەن بۈيۈك ئىنسانلار ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ سىر - ئەسرارلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە پىر - ئۇستاز بولۇپ تەلىم بەرگەن. ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى بولغان مۇرىدلار بولسا پىر - ئۇستازلىرىغا ئەگەشكەن ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتقان. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «بەدايىئۇل بىدايە» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى غەزىلىدىن ئىككى بېيت كەلتۈرىمىز:

زىھى ھۆسنۈڭ زۇھۇرىدىن چۈشۈب كىمگە بىر سەۋدا،
بۇ سەۋدالار بىرلە كەۋنەين بازارىدا يۈز غەۋغا.
سېنى تاپماق بەسى مۇشكۇلدۇرۇر، تاپماسلىغ ئاسانكىم،
ئېرۇر پەيدالىغىڭ پىنھان، ۋەلى پىنھانلىغىڭ پەيدا.

بۇنىڭدىكى مەركىزىي مەسىلە تەڭرى قۇدرىتىدىكى سىردۇر. مەنىسى: گۈزەل ھۆسنىڭدىن كىمگە بىر سەۋدا چۈشتى، بۇ سەۋدا بىرلە ئۇ ئالەم، بۇ ئالەمدە يۈز غەۋغالارمۇ بولدى. سېنى تاپماق بىنىھايەت مۇشكۇل ۋە تاپماسلىق ئاسان، ئەمما پەيدالىغىڭ يوشۇرۇن بولسىمۇ، بۇ يوشۇرۇنلۇقۇڭ ئەۋلىياغا مەلۇمدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند تەرىقىتىگە دائىر مەلۇماتلارنى بىزگە يېزىپ قالدۇرغان: «ئالاردىن سوردىلەركى، سىزنىڭ تەرىقىتىڭىزدە زىكرى جەھىر ۋە خىلۋەت ۋە سەماﺋ بولۇر؟ دېدىلەركىم، بولماس. يەنە سوردىلەركى، سىزنىڭ تەرىقىتىڭىز بىناسى نې ئىشغەدۇر؟ دېدىلەركى، ئەنجۇمەندە خىلۋەت، زاھىر يۈزىدىن خەلق بىلە ۋە باتىن تەرەفىدىن ھەق سۇبھانەۋەتەئالا بىلە» (63—a ۋاراق) . مەلۇم بولدىلەركى، زاھىر يۈزىدىن خەلق بىلەن بولغان بۇ زات دىلىدا ياراتقۇچى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىدىن، يەنى ھەقىقەت تەلىماتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكىدىن دالالەت بەردى. ئەمما ئۆز سۆلىكىنىڭ پەزىلىتىنى تۆۋەندىكىچە يازدى: «دەر ئەرمىشلەركى، بىزنىڭ تەرىقىتىمىز سۆھبەتدۇر ۋە خىلۋەتتە شۆھرەتدۇر ۋە شۆھرەتتە ئاپەتتۇر. خەيرىيەت جەمئىيەتدەدۇر ۋە جەمئىيەت سۆھبەتتە. بۇ شەرت بىلەكى، بىر - بىرىگە نەفئى بولغاي» (63—a ۋاراق) . بۇنىڭدا ئۆز تەرىقىتى، يەنى يولىنىڭ سۆھبەت ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە شۆھرەتنى كۆڭۈلدە تاپىدىغانلىقى، ئەگەر شۆھرەتنى كۆڭۈل بىلەن بىلگىلى بولمىسا ئۇنىڭ ئاپەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، كۆڭۈلدىكى شۆھرەت جەمئىيەت ئىشلىرىدا ئىكەنلىكى، جەمئىيەت ئىشلىرى بولسا سۆھبەت مۇلاھىزىسى بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بەردى.

ئەلىشىر نەۋائى «بۇ شەرت»نى ئۆزى تۆۋەندىكىچە مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە «بەدايىئۇل بىدايە»نىڭ «ساقىا» رادىفلىق قىتئەسىدە يازدى:

قانائەت تەرىقىگە كىر، ئەي كۆڭۈل،
كى خەتم ئولغاي ئايىنى ئىززەت ساقىا.
دېسەڭ، شاھ ئولاي، ئېرۇر كۆك بەسدۇرۇر،
بۇ بىر تەختىئۇل چەترى رىفئەت ساقىا.
فەنا سۆئلەسىدە ياشۇر جىسمىنى،
كىبرەك بولسا زەربەفت خىلئەت ساقىا.
ئېتەرلالە بۆتكەن قىيە قۇللەسى،
مۇراد ئولسا گۈلگۈن ھەشمەت ساقىا.

ئېرۇر بەس ئەرلىك نۇكتەۋۇ قان ياشلىق،
دۇرۇ لەئلدىن زىبۇ زىينەت ساڭا.
دېسەڭ، خىلۋەتىم ئەنجۈمەن بولماسۇن،
كىبرەك ئەنجۈمەن ئىچرە خىلۋەت ساڭا.
ۋەتەن ئىچرە ساكىن بولۇپ سەير يول،
سەفەردىن ئەگەر يەتسە مېھنەت ساڭا.
نەزەرنى قەدەمدىن يىراق سالماغىل،
بۇ يول ئەزنى گەر بولسا رىغبەت ساڭا.
دەمىڭدىن يىراق تۇتماغىل ھوشنى،
كى يۈزلەنمەگەي دەم ئافەت ساڭا.
بۇ تۆرت ئىش ئىلە رۇبئى مەسكۇن ئارا،
چالىنماق، نې تاڭ، كوسى دەۋلەت ساڭا.
بۇ ئاھاڭ ئىلە بولغاسەن نەقشبەند،
نەۋائى، ئەگەر يەتسە نەۋبەت ساڭا.
(ئە. نەۋائى. 20 توملۇق، 1 - توم، 629 - بەت)

دېمەك، نەۋائى ئېتىراپ قىلغان ۋە تەرغىب قىلغان بۇ تۆت ئىشنى ھەزرەتى خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند ۋۇجۇدقا چىقارغان:

1. خىلۋەت دەر ئەنجۈمەن.
2. سەفەر دەر ۋەتەن.
3. نەزەر دەر قەدەم.
4. ھوش دەر دەم.

ئەگەر بۇ تۆت شەرتتىن ئىبارەت بولغان قائىدىنى خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند تەلىماتى دەپ تەلقىن قىلىنسا ئۇ زاتنىڭ ھەقىقى تەلىماتىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى چەتلەپ ئۆتۈپ، ئۇنى كىچىكلەشتۈرۈپ قويغان بولىمىز. بۇ تۆت ئىش تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئىلمىگە ئەمەلىي قەدەم ۋە ئۇنى بىجىرىشكە ئېنىق كۆرسەتمىدۇر. يەنى، تەسەۋۋۇپ ئىلمىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىق قىلىشتۇر. بۇ قائىدىلەر ئەينى زامان ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. چۈنكى خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند دەۋرى سىياسى ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ۋەتەننىڭ موغۇل مۇستەملىكىچىلىرى قولىدىكى دەۋر ئىدى. تەسەۋۋۇپ ئىلمى تەلىماتى خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند دەۋرىگىچە مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلاشقان ئىدى. ھەزرەت خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند بۇ تەلىماتنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى پىر - ئۇستازلىرى ۋە ئۆزى ئىشلەپ چىققان قائىدىلەر بىلەن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ جانلاندۇردى. «دەست بەكار، دىل بەر يار» (قولۇڭ ئىشتا بولسۇن، دىلىڭ ئاللاھدا بولسۇن)، «نەزەر دەم قەدەم» (قەدىمىڭگە نەزەر سال، كۆزەت) دېگەنگە ئوخشاش قائىدىلەر شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند تەرىقىتىنىڭ ماھىيىتى تەلىماتنى خەلق ھاياتىغا، جەمئىيەت مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش، ۋەتەن ئەرداغىگە يېقىنلاشتۇرۇش بىلەن ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. جەمئىيەتتە كامىل ئىنساننى يېتىشتۇرۇش بىلەن خاراكتېرلەندى. خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند ھەزرەتلىرىدە ئۇلۇغۋار تەپەككۇر، قايتماس ئىرادە، يۈكسەك دانىشمەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز شاگىرت ۋە مۇرىدلىرىنى، ئىزداش ئەۋلادلىرىنى ئىلىمدە تەربىيىلەش جەھەتتە

www.uyghurkitap.com

ماھارىتى غايەت زور، يۈكسەك دەرىجىدە يۇقىرى بولغان.

ئەلىشىر نەۋائى يەنە بىر مەلۇمات كەلتۈرۈپ: «دەپتەرلەركى تەۋھىد سىررىگە يەتسە بولۇر، ئەمما مەرىفەت سىررىگە يەتمەك دىشۋاردۇر» (63—a ۋاراق). تەۋھىد ئىلمى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى بىلىش ئىلمىدۇر. شۇنىڭغا قارىماي بۇ ئىلىم سىرلىرى بارچىگە ئاشكارە ئەمەس، بەلكى مەخسۇس شۇغۇللانغۇچى يېتۈك كىشىلەر ئۈچۈن ئىدى. مەنسۇر ھەللاجنىڭ ئۆلۈمىگە ئائىت سەۋەبلەردىن بىرى شۇ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن نەۋائى: «تەۋھىددە سۆز نازۇك، ئىنچىكە ئىدى ۋە يوشۇرۇن ئىدى» دەپ يازغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەرىفەت ئىلمى سىرلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ بىنىھايەت مۇشكۈل ۋە قىيىنلىقىنى يېزىپ قالدۇردى. مەرىفەت ئىلمىنىڭ قىيىنلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ مۇشكۈللۈكى شۇنداقكى، بۇنىڭدا بىرىنچى ۋەزىپە ئۆزلۈكنى بىلىشتۇر. يەنى ئىنسان ئۆزىنى بىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى بارچە پايدىسىز ئىللەتلەرنى يوقىتىشتا ھەرىكەت قىلمىقى كېرەك. جۇملەدىن، پىتنە - پاساتتىن، تۆھمەتتىن يىراق بولۇش، زۇلۇمدىن ساقلىنىش، ياۋۇزلۇق، قەبىھلىكلەردىن قايتىش، مەنمەنلىكتىن ساقلىنىش، يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش، ئاچكۆزلۈكتىن يىراق تۇرۇش، تەمەدىن يىراق بولۇش، ئومۇمەن ئىنسانىي خىسلەتلەرگە يات بارچە گۇناھلاردىن ئۆزىنى پاك تۇتۇش، قانائەتلىك بولۇشتۇر. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، نەفسىنى چەكلەشتۇر. بۇ شەخسىي نەفسىنى چەكلەشنىڭ تۈپ ماھىيىتىدە خەلق، ۋەتەن ۋە جەمئىيەت مەنپەئىتى تۇرار ئىدى. ئىلمى مەرىفەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تارىختا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىلغان. فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەرىفەتنامە» ناملىق ئەسىرى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان بۇ توغرىدىكى ئەسەرلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ھەقىقەت ئىلمى بولسا يېتۈك، كامىل ئىنسانىنىڭ ئاللاھ قۇدرىتىگە باغلىق سىرۇ - ئەسرارىنى بىلىشكە ئىنتىلىشى، ئىنسان روھىنىڭ تەڭرى قۇدرىتىگە باغلىقلىقىغا ئائىت تەرەپلەرگە ئالاقىدار ئىدى. جاھان ئىلىملىرى ئىچىدە ئەڭ بۈيۈك ئىلىم ھېسابلانغان بۇ تەلىمات دۇنيانىڭ دىققىتىنىمۇ ئۆزىگە تارتقان ئىدى. نۇرغۇنلىغان مەملىكەتلەردە بۇ ئىلىمنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگىنىۋاتىدۇ. بۇ يۈكسەك ئىلىملەردە شەرىئەتتە ئارىفى بىللاھ، تەرىقەتتە ۋاقىفى ئەسرار، مەرىفەتتە دەريائى ئۇممان، ھەقىقەتتە كامىل بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ماھىيىتىدە يۈكسەك ئىلىم - پەن بىلەن بىر قاتاردا ئۇنىڭ سىياسى تەرىپىمۇ مەۋجۇد ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەلىماتتىدىكى ئومۇمىي ئىنسانىيەتكە پايدىلىق، ئىنسانىيلىق مەقاملىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇملىدىن ئاللاھ زىكرى بىلەن بولۇشى، ئەقلىنى تەپەككۇر بىلەن ئىشلىتىش، ياخشى ۋە ياماننى پەرق ئېتىش، ھەربىر ئىشتا سەۋر قىلىش، شۈكرانىيلىق، قانائەت قىلىش، سىر ساقلاش، ياخشى يولنى تاللاش، ھېكمەتكە، يەنى دانىشمەنلىككە ئىنتىلىش، ئادىل بولۇش، توغرىلىقنى تاللاش، مۇلايىم سۆزلەش، ھايالىق بولۇش، يۇمشاق تەبىئەتلىك بولۇش، ئۆز ئىززىتىنى بىلىش، ئېھسان قىلىش، يەنى ئۆزى بىلگەننى بارچىغا تەقدىم قىلىش، ئادالەتتە بولۇش غايىلىرى ئىلىم سۈپىتىدە كۆرسەتىلگەن ئىدى. شۇنداقلا تەسلىم ۋە فەنا مەقامى ھەقىقەت ئىلمىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. تەسلىم مەقامى — جاننى ئېلىشقا رىزا بولۇش (رەزىنا بەقەزا ئاللاھۇ تەئالا)، يەنى ئاللاھنىڭ قازاسىغا رازى بولۇپ تۇرۇش دېمەكتۇر. فەنا ماقامى بولسا بارىدىن يوق بولۇش دېمەكتۇر. يەنى يارىلىشنىڭ ھەق، يارىلىشىدىن كېيىن ئۆلۈشنىڭمۇ ھەق، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭمۇ ھەق (روھىي ئەبەدىيلىك) ئىكەنلىكىنى تونۇش. دېمەك، بارلىقتىن يوقىلىشقىچە

بولغان جەريان ۋاقىتلىق جەريان بولۇپ، ئىنسان بۇ جەرياندا ئىلىم ئېلىش، دۇنيا سىرىنى بىلىش، ھاياتقا ئۈمىدۋار پوزىتسىيە تۇتۇش، مېھنەت قىلىش، جەمئىيەتتە ئائىلە تۇتۇش، پائالىيەت كۆرسىتىش، پەرزەند تەربىيىسىگە ئوخشاش بارچە ھاياتىي ساھەدىكى مەسىلىلەرگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراش دېمەكتۇر. كۆرسىتىلگەن بۇ ھەربىر مەقام ئىلىم سۈپىتىدە ئۆگىنىلگەن.

پەقىرلىق سۈلۈكى يولىغا ئۆتكەندە جەۋانمەردلىك، يەنى پىدايى قەھرىمانلىق، ۋاقتى كەلسە جانىنى ئايىماسلىق، سىپاھىلىقتا تۇرۇش، يەنى جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇشقا ئوخشاش مەقاملار ۋە قائىدىلەرگە قەتئىي رىئايە قىلىش لازىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارغا رىئايە قىلغان ئەۋلىيالار ئۆزلىرى بۇ يولدا ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان. بۈيۈك ئەۋلىيالاردىن بولغان نەجمىددىن كۇبرا بىر قولىدا قىلىچ، بىر قولىدا ھاسا بىلەن دۈشمەنگە قارشى جەڭگە چىققان. بابا خاكىي ئاتلىق ئەۋلىيا 110 يېشىدا ئاتقا مىنىپ ياۋ بىلەن جەڭ قىلغان (104—a ۋاراق). شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائى «ماشايىخنىڭ ۋىلايەت ئاسار ھالەتلىرى زىكرىدىن فەيزۇل - ئەنۋار ماقالاتلىرى فىكرىدىن قوبۇل تالىبلەرگە نەفئىلەر ۋە شەۋق ۋە ئىرادەت ئەھلىگە فەيزلەر ئېتىشتى» دەپ ئاساسسىز يازمىغان ئىدى. بۈيۈك ئىنسان (باھاۋىددىن نەقشىبەند) نىڭ ئۆز نەفسىدىن يىراق بولغانلىقى، شەخسىي مەنپەئەتتىن ۋاز كەچكەنلىكى، خەلق، ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىماسلىقى ئىنسانىي پەزىلەت سۈپىتىدە ئەۋلىيالار ھاياتىدا كۆرسىتىلگەن.

يۈسۈپ ھەمەدانىي، ئابدۇخالىق غىژدۇۋانىي، ئەھمەد يەسسەۋىي، خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەندكە ئوخشاش ئەللامىلەر ئىشلەپ چىققان قائىدىلەر تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى يەنىمۇ ئېنىق يۆلىنىشكە ئىگە قىلغان ۋە ئەمەلىي ھاياتقا بىرلەشتۈرۈشتە چوڭ رول ئوينىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئالىمىدە، شەرق مەملىكەتلىرىدە كەڭ تارقالغان بۇ تەلىمات باسقۇنچىلارغا قارشى كۆرەشتە غايەت زور رول ئوينىغان. ئىنساننىڭ ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشىغا تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدا «ئۆلسە شېھىت» سۈپىتىدە تەبىر بېرىلدى. بۇنىڭدەك روھنىڭ ئەبەدىي بەرھاياتلىقىنى، يەنى ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان كامىل ئىنساننىڭ جايى جەننەتتە بولۇشى، روھى تەڭرى روھى بىلەن قوشۇلۇشى كۆرسىتىلدى.

خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەند تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ بۈيۈك تەرغىباتچىسى بولغان ۋە بۇ يولدا قاتتىق پائالىيەت كۆرسەتكەن تۈرلۈك مەملىكەتلەردىن كەلگەن مۇرىد، شەيخ، ئەۋلىيالارغا تەلىم بەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ تەلىماتتا خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەند ئارىف دەرىجىسىدە دۇنياغا تونۇلغان. يەنى مەۋجۇداتتىكى بارچە ئىلىم ۋە قۇدرەتنى بىلگۈچى بۈيۈك ئىنسان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئارىف پەيغەمبەردىن كېيىنكى ئورۇندىلا تۇرىدىغان دەرىجىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى «نەسىيمۇل مۇھەببەت» دە «ئەھمەد بىننى ئەل - ئاسىم سۆزىدۇركىم ھەر ئەمەلنىڭ ئىمامى ئىلىمدۇر. ھەر ئىلىمنىڭ ئىمامى ئىنايەت» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى (11—a ۋاراق). يەنى ھەرقانداق ئىش ئىلىم بىلەن باشلىنىشى، بىلگەن ئىلمىنى بولسا باشقا كىشىلەرگە بېرىشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتكەن ئىدى. گەرچە خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەندنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىدە «ھاياتنامە»، «دەلىلۇل ئاشىقىين» ئەسەرلىرىنى يازغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بولسىمۇ، بۇ ئەسەرلەر ھازىرغىچە ئۆگىنىلمەي كېلىۋاتىدۇ. ئابدۇرەھمان جامىينىڭ «نەفەھاتۇل ئۇنس» ۋە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «نەسىيمۇل مۇھەببەت» ئەسەرلىرىدە سەئىدۇددىن ئەل - كاشغەرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ مۇناسىپ ئورۇن ئالغان. ئۆمرىنىڭ

www.uyghurkitap.com



كۆپ قىسمىنى ھىراتتا ئۆتكۈزگەن بۇ ئارىف تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە نەقشبەند تەرىقىتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىلى سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان. ھىجرىيە 860 ـ يىلىدا (مىلادىيە 1455\1456 ـ يىللىرى) ھىراتتا ۋاپات بولغان. سەئدۇددىن ئەل ـ كاشغەرىي خۇراسان دۆلىتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋە بۈيۈك ئەربابى ئىدى. ئۆز زامانىسىدا جامىي ۋە نەۋائىيلارغا ئۇستاز ـ مۇدەررىس بولغان ۋە ئۇلارغا تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ھەمدە نەقشبەند تەرىقىتى جەھەتتىن چوڭ تەسىرى بولغان. ئەلىشىر نەۋائى «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» ئەسىرىدە شۇنداق يازغان: «ھەزرەتى قۇتبى تەرىقەت ۋە غەۋسى ھەقىقەت مەۋلانە سەئدۇددىن كاشغەرىيكىم، نەقشبەنىيە خاجەلىرى سىلسىلەسىنىڭ ئول زاماندا كامىل ۋە مۇكەممەل مۇرشىدى ۋە خەلىپەسى ئەردى. سۆھبەتىن ۋە مۇلازىمەتىن ئىختىيار قىلىپ، زامانىنىڭ سەيرى مۇرشىدلىرى ۋە كامىللىرى خىزمەتلىرىگە: شەيخ باھائۇددىن ئۆمەردەك ۋە مەۋلانە بايەزىد پۇرانىي ۋە مەۋلانە مۇھەممەد ئەسەددەك بۇزرۇكلار سۆھبەتى شەرىفىگە داغى مۇشەررەف بولۇش ئەردىلەر» («خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن»، 14 ـ توم، 11 ـ بەت).

سەئدۇددىن كاشغەرىي ئەرەب، پارس تىللىرىدا كۆپلىگەن كىتابلارنى يازغان ھەمدە ئەرەب، پارس تىلىدىن تۈرك تىلىمىزغا كۆپ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ۋە بۇ ئەسەرلەر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. جۈملىدىن سەئدۇددىن كاشغەرىي قەلىمىگە مەنسۇپ ئابدۇخالىق غىژدۇۋانىي توغرىسىدىكى ھەمدە «كەلىمەتى خوجا باھائۇددىن نەقشبەند»، «رىسالەئى لەتەئىف»، «ۋۇجۇدنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئەينى زاماندا ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بولغانلىقى توغرىسىدىكى مەنبەلەرگىمۇ دۇچ كېلىمىز. (ھەزرەت سەئدۇددىن كاشغەرىي يېزىپ قالدۇرغان ئۇشبۇ قولىيازما پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ مەلۇماتلار ئۆزبېكىستان رىسبۇبلىكىسى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بىرونىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان 5501 ـ نومۇرلۇق قولىيازمىدىن ئېلىندى — ھەمدىخان ئىسلامىي) بىز ئەسلىي قولىيازما نۇسخىسىدىن مەتىنىنى ئەينەن كۆچۈردۇق.

ئەلىشىر نەۋائى «نەسىيمۇل مۇھەببەت» ئەسىرىدە ئابدۇرەھمان جامىي توغرىسىدا شۇنداق يازغان: «زاھىر يۈزىدىن ئۆزلەردىن قۇتبۇل — مۇھەققىق ۋە غەۋس سالىكىن مەۋلانە سەئدۇل ـ مىلەت ۋەلىددىن ئەل ـ كاشغەرىي (ئاللاھ ئول زاتىنىڭ ئەزىز روھىنى مۇقەددەس قىلسۇن) مۇرىدى كۆرگۈزۈرلەر ئەردى. ئەمما ھەمانەكى ئۇۋەيسى ئەردىلەر ۋە خاجەئى باھائۇددىن نەقشبەند (رەھمەتۇللاھۇ تەئالا) روھانىيەتىدىن تەربىيەت تاپىپ ئەردىلەر» (a 112— ۋاراق).

دېمەك، سەئدۇددىن كاشغەرىي ئابدۇرەھمان جامىينىڭ پىر ئۇستازى بولسىمۇ، ئەمما روھىيەت جەھەتتىن جامىينىڭ خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندىدىن تەربىيە تاپقانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ھامانكى جامىي ۋە ئۇنىڭ ئۇستازىنى ئۇلۇغ بىلگەن ئەلىشىر نەۋائى جامىينىڭ دەپنە قىلىنىشىنى تۆۋەندىكىچە يازغان: «پادىشاھزادىلەر ياساۋۇللۇق قىلىپ، ئەلنى قورۇپ، يول ئاچىپ، نەئىش مەدفەنغە (تابۇت قەبرىگە) يەتتى ۋە ھەزرەتى قۇتبىل ئەۋلىيا مەۋلانە سەئدۇددىن كاشغەرىي يېنىداكى، زاھىرەن تەرىقەت ئادابىدە ئالارنىڭ پىرىدۇر — دەفن قىلدىلەر» (ئەلشىر نەۋائى، 14 ـ توم، 65 ـ بەت). دېمەك، ئابدۇرەھمان جامىي ئۆزىنىڭ پىرى ـ مۇرشىدى سەئدۇددىن كاشغەرىي قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىنغاندۇر.

# ھەزرىتى خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندىنىڭ پائالىيىتى ۋە كارامەتلىرى توغرىسىدا

ئەلىشىر نەۋائى «نەسىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 447 ـ تەرتىپىدە سەيىد ئەمىر كۇلال توغرىسىدا شۇنداق يازغان: «مەزكۇر خوجا مۇھەممەد بابانىڭ خەلىپەسىدۇر (ئورۇنباسارىدۇر — ھەمىدخان ئىسلامىي). ھەزرەتى خوجا مۇھەممەد باھائۇددىنگە سۆھبەت نىسبەتى ۋە تەرىقەت سۈلىكى ئەدەبىي تەلىماتى ۋە زىكىر تەلقىنى ئالاردىندۇر. بىر كۈن ئەزىم مەجمەئەدە (خەلق توپلاشقان چاغدا) ئەمىر سەيىد كۇلال خوجا ھەزرەتتىن تىلەپ دېدىكى، ئۆز فەرزەنت باھائۇددىن، خوجا مۇھەممەد بابا نەپسى ۋەسىيىتىنى سىزنىڭ بارىڭىزدا تامام بەجا كەلتۈردۈم، دەپ ئەردىلەركى، ھەر نە تەربىيەت بابىدە مەن سىنىڭ ھەققىڭدە كۆرگۈزۈپمەن، سەن فەرزەند باھائۇددىن ھەققىدە كۆرگۈزگىل. ئانداق قىلدىم ۋە ئىشارەت ئۆز كۆكسىگە قىلىپ دېدىكىم، بۇ ئەمچەكنى سىزنىڭ ئۈچۈن قۇرۇتتۇم ۋە سىزنىڭ روھانىيىتىڭىزنىڭ قۇشى بەشەرىيەت بەزمىسىدىن پەرۋاز تۇشۇپتۇر. ئەمدى ئىجازەتدۇر. ھەر يەردە مەتلۇبدىن ئىسى دىماغىڭىزگە يەتسە تىلەك ۋە تەلەبدە ئۆز ھىممەتىڭىز مۇجىبى بىلە تەقسىر قىلماڭ» (62—a ۋاراق). بۇ لەۋھەدە بابايى سەماسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سەيىد ئەمىر كۇلال خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندىگە ئۆزىدە بار بولغان پۈتكۈل ئىلىملەرنى ئۆگەنگەنلىكى، ئۆگەنمىگەن تەلىمى قالمىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. كىمدىن؟ قەيەردىن؟ ئۆز تەلىپى بىلەن ئىلىم ئۆگىنىدىغان ئىمكانىيەت بولسا، كەمچىللىك كۆرسەتمىگەيسەن، دېگەن رازىلىق جاۋابىنى بەردى. كېيىن ياش باھاۋىددىنگە ئۆز ئىلتىماسىنى تۆۋەندىكىچە ئېيتتى:

«بىر كۈن مىر ھەزرەتلىرى خوجىغا دېدىلەركى، چۈن ئۇستاز شاگىرتقە تەربىيەت قىلسا، ھەر ۋاقىت تىلەركى، ئۆز تەربىيەتى ئەسەرىنى ئاندىن مۇشاھىدە قىلغاي (ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرغاي)، تاكى ئۇنىڭغا ئېتىماد (جاپا) بولغايكى، ئۇنىڭ تەربىيەتى جايىغا چۈشۈپتۇ ۋە ئەگەر شاگىرت ئىشىدە كەمچىلىك كۆرسە، ئۇ شاگىرت ئۇ كەمچىلىكنى تۈزەتكەي. ئاندىن كېيىن دېدىكى، مىر بۇرھانكى، مېنىڭ فەرزەندىمدۇر ۋە ھازىر ئولتۇرۇپتۇر ۋە ھېچ پىرنىڭ تەسەررۇپ ئىلكى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇر ۋە مەنئۇي تەربىيەت تاپمايدۇر ۋە مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ئۇنىڭ تەربىيىتىگە مەشغۇل بولماق كېرەكسىز. تا ئانىڭ ئەسىرىنى مۇتالىئە قىلغايمەن ۋە سىزنىڭ سەنئەتىڭىزگە تامام ئېتىماد قىلغايمەن. ھەزرەتى خوجا مىرگە مۇراقىب ئولتۇرۇپ ئەردى. غايەت ئەدەپ رىئايىتىدىن ئۇل ئىش ئىمتىسالىدا تەۋەققۇف قىلادۇر ئەردىلەر. مىر دېدىلەركى، تەۋەققۇف قىلماق كېرەك. ھەزرەتى خوجا ئالارنىڭ ئەمرى ئىمتىسالى قىلدىلەر ۋە سەيىد بۇرھاننىڭ باتىنىگە مۇتەۋەججىھ بولدىلەر. فىلھال ئۇل تەسەررۇف ئەسەرى مىر بۇرھاننىڭ باتىنىدە ۋە زاھىرىدە پەيدا بولدى ۋە ھەۋىي ھال ئاڭا پەيدا بولدى. شۇكرى ھەقىيقى ئەسەرى زاھىر بولدى» (ئۇشبۇ ۋاراق).

دېمەك، مىر بۇرھاننىڭ تەلىمگە تەسىر قىلىشنى ئۇشبۇ زاماننىڭ ئۆزىدە ھەزرىتى خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند سەزگەن ۋە بىلگەن. سەيىد ئەمىر كۇلال بۇ ئىش ئارىسىغا چۈشكەن. شۇندىن كېيىن خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند رازىلىقى بىلەن بۇ زاتنىڭ ۋۇجۇدىي تەلىم ۋە تەسىرى مىر بۇرھاننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ھالىتىدە كۆزگە تاشلانغان. كارامەت يۈزىسىدىن كۈچلۈك ھالەتتە مىر بۇرھان روھىدا ئېنىقلىق، روشەنلىك پەيدا بولغان. بۇ ھال بىلەن ياش باھاۋىددىن ئۇستازى سەيىد ئەمىر كۇلالنىڭ ئىلتىماسىنى بېجىرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«نەسىيمۇل مۇھەببەت» نىڭ 448 ـ تەرتىپىدە:

«قۇسەم شەيخ (رەھىمەللاھۇ تەئالا) ئۇل تۈرۈك ئۇلۇغلىرىدىندۇر. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي قەددەسە سىررەھۇ خاندانىدىندۇر. خوجا باھائۇددىن ئۇل سۆز مۇجىبى بىلەكى، ئەمىر سەيىد كۇلال ئۇلارغا ئىجازەت بەرگەندە دەپ ئەردىكى، ھەرقايانىدىن رايىھەيي دىماغىڭىزگە يەتسە تەلەبدە تەقسىر قىلماڭ، قۇسەم شەيخ خىزمىتىگە باردىلەر.» دەپ يازغان ئەلىشىر نەۋائى، قۇسەم شەيخ خاندانىدىكى بىر لەۋھەنى كەلتۈردى:

مەجلىستە ئولتۇرغاندا قۇسەم شەيخنىڭ خادىمى كىرىپ ئۈچ تۆگە، تۆت ئات يوقالغانلىقىنى ئېيتتى. قۇسەم شەيخ ھەزرەتى خوجا باھاۋىددىنگە ئىشارە قىلىپ ئۇنى ياخشى تۇتۇڭىز دېدى. شۇنىڭ بىلەن تۆت كىشى باھاۋىددىن نەقشبەندگە يېپىشتى. ھەزرەتى خوجا دەپتۇرلاركى، «كىشىگە تۈرك ئۇلۇغىنىڭ شىناختى (بىر خىل مەزھەپ؟) بولمىسا، ئۇلار تەرىقىدىن مۇتەنەففىر ۋە نەۋئۇمىددۇر (62—b ۋاراق)» . يەنى، كىشى تۈرك ئۇلۇغىنى ياخشى بىلمىسە، ئۇلار (تەرىقەت) يولدىن نەپرەتلەنگۈچى ۋە نائۇمىد بولۇر ئىدى — دېيىش بىلەن قۇسەم شەيخ خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند كارامىتىنى سېزىپتۇ ۋە تىنچ ئولتۇرۇپتۇ. ناماز شامنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى خادىم كىرىپ ـ يوقالغان تۆگە ۋە ئاتلار ئۆزلىرى كەلدى — دەپتۇ. بۇ ۋەقە داۋامى مەتىندە تۆۋەندىكىچە:

«خوجا قۇسەم شەيخ خىزمىتىدە ئۈچ ئايغا يېقىن بولدى. ئاخىرۇلئە ـ ئەمىر شەيخ خوجىگە تەشرىپ بەردى ۋە دېدى: توققۇز ئوغلۇم بار. سەن بارچىدىن ئۇلۇغراق ۋە مۇقەددەمرەك. ئاندىن كېيىن ھەر قاچان شەيخ نەقشبەند بۇخاراغا كېلۇر ئىدى، خوجا مۇلاقات ۋە مۇلازىمەت قىلۇر ئىدى. شەيخ دەپتۇركى، بۇ نەۋئى تالىبلىقكى سەندە كۆرۈپمەن. تالىبلاردىن ھېچ قايسىدىن كۆرمەيمەن» (يۇقىرىقى ۋاراق).

قۇسەم شەيخنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىدىنمۇ ئۇلۇغ بىلگەن خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند بىلەن ھەر دائىم بۇخاراغا كەلگەندە كۆرۈشۈپ، ئۇچرىشىپ بىرگە سۆھبەتلەشكەنلىكىنى بىلىمىز. بىر كۈنى قۇسەم شەيخ بۇخارانىڭ ئۈستى يېپىق بازىرىدا سودا ـ سېتىق قىلىپ چىققاندىن كېيىن يېقىنلىرى ۋە پەرزەنتلىرىگە «بىزنىڭ بارار چاغىمىز بولدى» دەپتۇ ـ دە، تەۋھىد كەلىمىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قۇسەم شەيخ جان تەسلىم قىلغان، بۇنىڭ بىلەن خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند ھەزرەتلىرىنىڭ قۇسەم شەيخ بىلەن ئاز مۇددەت تاپقان پىكىر بىرلىكى ۋە بىر ـ بىرىگە بولغان تەلەپكارلىقى ئۇزاققا بارمىغان، ئېنىقى ئۈچ ئايغا يەتمىگەن.

449 ـ تەرتىپتە خەلىل ئاتا توغرىسىدا:

«خەلىل ئاتا (ئاللاھ ئۇل زاتىنىڭ روھىنى مۇقەددەس قىلسۇن) خوجا باھائۇددىن خىزمەتلىرى دەپتۇرلاركى، بىدايەت ھالدا بىر كېچە ھاكىم ئاتا رەھمەتۇللانىكى، تۈرك ئۇلۇغلىرىنىڭ چوڭلىرىدىندۇر، ۋەقەدە كۆرۈلدىكى بىزنى بىر دەرۋىشكە ھاۋالە قىلدۇ. ئويغانغاندىن كېيىن ئۇل دەرۋىشنىڭ سۈرىتى خاتىردە ئىدى ۋە بىزگە قىرغاق ئىدى. سالىھە ـ ئاتىمىزنىڭ ئانىسى، ئۇ ۋاقىئەنى ئۇلارغا ئېيتتۇق. دېدىلەركى، ئوي، پەرزەنت ساڭا تۈرك ئۇلۇغىدىن نېسۋە بولغۇسىدۇر. مەن دائىم ئۇ دەرۋىشكە تالىبمەن» (62—a ۋاراق).

چۈشىدە ھاكىم ئاتا كۆرسىتىپ ھاۋالە قىلغان دەرۋىشنىڭ خاسىيەتلىك تەبىرىنى چوڭ ئانىسىدىن ئالغان خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند ھەزرەتلىرى ئۇ كىشىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ يۈرەر ئىكەن. نىھايەت بىر كۈنى بۇخارا بازىرىدا ئۇ كىشىنى كۆرەر ئىكەن ۋە تونۇر ئىكەن. ئېتىنى سورىسا، خەلىل دەر ئىكەن. ئەمما ئۇ چاغدا خەلىل ئاتا بىلەن سۆزلىشىش،

سۆھبەت قىلىش نېسىپ بولماپتۇ. خوجا باھاۋۇددىن نەقشبەند ئاخشام ئۆز مەنزىلىگە بارغاندا، خەلىل ئاتا قېشىدىن بىر كىشى كېلىپ ئۇنى چاقىرىپتۇر. كوز پەسلى ئىكەن. مېۋە ئېلىپ خەلىل ئاتا خىزمىتىگە بېرىپتۇر.

«چۈن تىلەدىمكى، ئۇ ۋەقەنى ئاڭا ئىزھار قىلغايمەن. ئېيتتىمكى، ئۇلارچە سېنىڭ خاتىرەڭدەدۇر، بىزگە ئاياندۇر، بايان قىلماق ھاجەت ئەمەس. مېنىڭ ھالىم ئۆزگىچە بولدى. كۆڭۈل مەيلى ئانىڭ سۆھبىتىگە كۆپ بولدى ۋە ئانىڭ سۆھبەتىدە نادىر ئەھۋال ۋە غارايىب ۋە ئاجايىپ نېمىلەر كۆرۈنۈپ تۇرۇر ئەردى ئاندىن» (يۇقىرىقى ۋاراق).

ئەۋلىيالاردا كۆرۈلگەن بۇ كارامەتتە روھانىيەت ئارقىلىق بىر - بىرلىرىنى كۆڭلىدىن تونۇغان ۋە بىلگەن. بۇ لەۋھە تۆۋەندىكىچە داۋام قىلىدۇ:

«ۋە مۇددەتتىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر مۈلكىنىڭ سەلتەنەتى ئاڭا تەسلىم بولدى ۋە ماڭا ئانىڭ خىزمەت ۋە مۇلازىمەتىنى قىلماق زۆرۈر ئەردى ۋە مۇلازىمەت ۋاقىتلىرىدىمۇ بۈيۈك ئىشلار زاھىر بولۇر ئەردى ۋە ماڭا شەپقەتلەر زاھىر قىلۇر ئەردى. گاھى مۇلايىملىق گاھى ئاچچىق بىلەن ماڭا خىزمەت قائىدىسىنى تەلىم قىلۇر ئەردى ۋە ئۇ جەھەتتىن كۆپ پايدىلار ماڭا يېتەر ئەردى ۋە بۇ يول ساياھەت ۋە سۇلۇكىدە كۆپ ئىشقا يارار ئەردى ۋە ئالتە يىلغىچە ئانىڭ خىزمىتىدە ئوخشاش بولۇر ئەردىم ۋە پىنھاندا خاس سۆھبەتىنىڭ شىپاسى ئەردىم ۋە ئاشكارىدا سەلتەنەت قائىدىسىگە رىئايە قىلۇر ئەردىم ۋە ھۆكۈمدارىدىن بۇرۇنراقمۇ ئالتە يىل ئانىڭ خىزمەت ۋە سۆھبەتىدە بولۇر ئەردىم. كۆپ قېتىم قەسىر ھەۋاسى (سەزگۈ، ھېس) قېشىدە ئېيتۇر ئەردىمكىم، ھەر كىم ھەقتائالا رىزاسى ئۈچۈن ماڭا خىزمەت قىلۇر، خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ بولغاي ۋە ماڭا مەلۇم بولۇر ئەردىكى، بۇ سۆزدىن مەقسەت كىمدۇر، بۇ مۇددەتتىن كېيىن ئوخشاش ھالدا مەملىكىتىگە زاۋال بولدى ۋە بىر لەھزىدە مۈلۈك ۋە خادىم ۋە قەھرى چاڭ - توزان كەبى توزۇپ يوق بولۇپ كەتتى ۋە دۇنيا ئىشىدىن مېنىڭ كۆڭلۈم سوۋۇدى. بۇخاراغا كەلدىم ۋە رىۋەرتۇندە كىم، بۇخارا كەنتلەرىدىندۇر، بىر جايدا تۇراقلىق ياشايدىغان بولدۇم.» (b—62 ۋاراق).

گەرچە خوجا باھاۋۇددىن نەقشبەند ھاياتى ۋە پائالىيىتىگە دائىر مەخسۇس ئەسەر بولمىسىمۇ «نەسىمۇل مۇھەببەت» مەتنىدە كەلتۈرۈلگەن «بىدايەت ھالدا» چۈش كۆرۈشى ئۇنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلىتىدۇ. خوجا باھاۋۇددىن نەقشبەند ئانىسىنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىگە ئاساسلىنىپ خەلىل ئاتا ھۇزۇرىغا ئېرىشكەن. ئالتە يىل ئۇ كىشىدىن تەلىم ئېلىپ، تەجرىبىسىنى ئاشۇرغان ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىدا ئالتە يىل خىزمەت قىلغان. بۇ دەۋر باھاۋۇددىن نەقشبەندنىڭ يىگىتلىك يىللىرىنى ئەسكە چۈشۈرىدۇ. خەلق ئارىسىدىمۇ باھاۋۇددىن نەقشبەند ئۇلۇغلىنىلىدۇ. خەلىل ئاتىنىڭ پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭ خادىم، يېقىن كىشىلىرى چاڭ - توزاڭدەك تارقىلىپ يوقالغاندا «دۇنيا ئىشىدىن تامام مېنىڭ كۆڭلۈم سوۋۇدى، بۇخاراغا كەلدىم» دېگەن ئىبارە ئارقىلىق خوجا باھاۋۇددىن نەقشبەندنىڭ ئون ئىككى يىل جەريانىدا ئالغان بىلىم، ئاشۇرغان تەجرىبىدىن كېيىن مۇستەقىل ھالدا تەسەۋۋۇپ سۇلۇكىدە ياشىغانلىقى ۋە بۇ يولدا باشقىلارغا يول كۆرسەتكۈچى پىر - ئۇستاز بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائى 450 - تەرتىپتە خوجا باھاۋۇددىن نەقشبەند توغرىسىدا يېزىپ بىزنى ئۇ ئارىفنىڭ كۆپ ۋەقەلىرىدىن ۋە كارامەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. تۆۋەندە مەتىنىنى ئەينەن كەلتۈرىمىز:

«ئانداقكى، دەر ئەرمىشلەركى، مەبادى (قائىدە، پرىنسىپ) ئەھۋالدا بىر كىچە غەلەباتى (ئۇستۇنلۇك، غەلىبە) جەزەباتدىن بۇخارا مازارلىرىدىن ئۈچ مازارغا يېتىشتىم. ھەر مازاردا بىر چىراغدان كۆردۈم، ياندۇرغان يېغى تولا ۋە پىلىكلىرى ياغ ئىچىدە. ئەمما پىلىكلىرىگە بىرەر نېمە بىلەن ھەرىكەت بەرمەك كېرەك ئەردىكى، ياخشى تۇتاشقاي ۋە يورۇغاي. كېيىن مۇقەددەس مازاردا قىبلىگە يۈزلىنىپ ئولتۇردۇم ۋە ئۇ يۈزلىنىشتە غايىپ ۋەقە بولدى. كۆرۈپ تۇردۇم. قىبلە دىۋارى يېرىلدى ۋە بىر ئۇلۇغ تەخت پەيدا بولدى ۋە يېشىل پەردە ئۇ تەخت ئالدىغا تارتىلغان ۋە ئەتراپىدا جامائەت، خوجا مۇھەممەد باباڭى ئۇلار ئارىسىدا تونۇدۇم. بىلدىمكى، ئۇ خىيال غايىبلەردىندۇرلەر. ئارىلىرىدىن بىراۋ ماڭا ئېيتتىكى، تەختتىكى خوجا ئابدۇخالىقتۇر ۋە ئۇ جەمائەتنىڭ خەلىپىسىدۇر ۋە بىردىن - بىردىن ئۇلارنىڭ ئېتىنى ئاتىدى ۋە خوجا مۇھەممەد باباغا يەتكەندە دېدىكى، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىرى ۋاقتىدا كۆرۈپسەن ۋە سېنىڭ پىرىڭدۇرلەر ۋە ساڭا بىر بۆك بېرىپتۇرلار ۋە كارامەت قىلىپتۇرلەركى، نازىل بولغان بەلا سېنىڭ بەركىتىڭدىن دەفئى بولغاي. ئاندىن كېيىن ئۇ جامائەت ئېيتتىكى، قۇلاق تۇت ۋە ياخشى ئىشىتكى، ئۇلۇغ خوجا ھەزرەتلىرى ساڭا سۆزلەر ئېيتقۇسىدۇرلەركى، ھەق سۇبھانا ۋەتەئالا يولى سۇلۇكىدە ساڭا ئاندىن چارە يوقتۇر. ئۇ جامائەتتىن ئىلتىماس قىلدىمكىم، ھەزرەتى خوجىگە سالام قىلاي ۋە مۇبارەك دىدارلىرىغا مۇشەررەف بولاي. پەردىنى ئالدىدىن ئالدىلەر. پىرنى نۇرانە (ھالدا) كۆردۈم. سالام قىلدىم. جاۋاب بەردىلەركى ۋە سۆزلەركى سۇلۇك قائىدىسى ۋە ئىچىدە ۋە ئاخىردا كېرەكلىكتۇر. ماڭا بايان قىلدىلەر ۋە دېدىلەركى، ئۇ كەيپىيات بىلەن ساڭا كۆرگۈزدىلەر ئىشارەت ۋە بېشارەتتۇر ۋە ساڭا بۇ يول قابىلىيەت ۋە ئىستىبداتتىن. ئەمما ئىستىبدات پىلىكىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەك كېرەك، تاكى يورۇغاي ۋە سىرلار پەيدا قىلغاي ۋە يەنە بۇيرۇدىلەر ۋە مۇبالىغە قىلدىلەركى، بارچە ئەھۋالغە قەدەمنى ئەمرۇ نەھيى يولىغا قويغىل ۋە ئىنتىلىش بىلەن ئەمەل قىل ۋە سۈننەتنى بەجا كەلتۈرگىل ۋە ئىجازەتلەر ۋە بىدئەتلەردىن يىراق بول ۋە دائىما مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىسلىرىنى ئۆزۈڭگە يولباشچى قىل ۋە رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە سەھابە كىرەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەلۇماتلىرى ۋە ئەسىرىدە بىر - بىرىدىن پەرىقلىق ۋە روشەن بول ۋە بۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇ جامائەت ماڭا ئېيتتىلەركى، سېنىڭ سىددىق (ئاللاھ يولىغا كىرگەن) ھالىڭنىڭ شاھىدى ئولدۇركى، تاڭلا ئەرتە فەلان يەرگە بارغايسەن ۋە فەلان ئىشنى قىلغايسەن ۋە مۇنىڭ تەپسىلىي ئۇ ھەزرەتنىڭ مەقامىتىدە شەرھى بىلەن بار ۋە ئاندىن كېيىن دېدىلەركى، نەسەپكە مۇتەۋەججىھ بول، ئەمىر سەييىد كۇلال خىزمىتىگە. چۈن ئۇلار بۇيرۇقى بىلەن نەسەپكە باردىم ۋە مىر قەددەسە سىررەھۇ خىزمىتىگە يەتتىم. ئىلتىپاتلار قىلدىلەر ۋە ياخشىلىقلار كۆرگۈزدىلەر ۋە ماڭا زىكرى تەلقىنى قىلدىلەر ۋە پايدا ۋە دەلىل ئۇسۇلى بىلەن زىكرگە مەشغۇل قىلدىلەر. چۈنكى ۋەقئەدە ئىتائەتچان ئەردىكىم، ئەمەلنى ئىنتىلىش بىلەن قىلغايمەن، ئاشكارا زىكرى بىلەن ئەمەل قىلمىدىم» (63—a ۋاراق).

بۇ ئۈچ مازاردا يېقىلغان چىراغ ۋەقەسىدە ئابدۇخالىق غىژدۇۋانىينى كارامەت يۈزىسىدىن كۆرگەنلىكى ۋە مەۋجۇت بارچە مەسىلىلەرنى ئۇ زاتنىڭ ئېچىپ بەرگەنلىكى ھەمدە خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندىنىڭ پىر ئۇستازى بابايى سەماسىي ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ ۋە بىر بۆك بېرىپ ئېيتقان «نازىل بولغان بەلا سېنىڭ بەركىتىڭدىن دەفئى بولغاي» دېگەن ئىبارە ئارقىلىق خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندىنىڭ بارچە بالالارنى دەفئى ئېتىشى خەلق ۋە جەمئىيەتنى

ياخشىلىقتا باشلاش ئۈچۈن ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. ھازىرغىچە بۇ كارامەت خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ، «ياپىرىم خوجا باھاۋۇددىن بالاگەردان» سۆزى بىلەن تىلەك تىلەش ئادەتكە ئايلانغان. بۇنىڭدىن باشقا باھاۋۇددىن نەقشىبەندىنىڭ ھەقتائالا سۈلكىدە پائالىيەت كۆرسىتىشتىن باشقا چارىسى يوقلۇقى قەتئىي سۆز بىلەن ئېيتىلغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خوجا باھاۋۇددىن نەقشىبەند پائالىيىتى ئۇستازلىرى روھانىيىتىدىن ۋە ئۇلارنىڭ بەركىتىدىن ئەمەلىي تەربىيەت ۋە تەلىملىرىدىن ھاسىل بولغانلىقىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۇرىمىز. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئىشارىلىرى ۋە يولىيورۇق بەرگۈچى كارامەتلىرى سەۋەبتۇر. خوجا باھاۋۇددىن نەقشىبەند ئۆز قابىلىيەت ۋە تەپەككۇرىنى ھەرقانداق غارايىپ ئىشلاردا ۋۇجۇدى بىلىم ۋە كارامەتلىرى ئارقىلىق ئىشقا سالغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسى مەقسەت ياغ ئىچىدىكى پىلىكنى ھەركەتكە كەلتۈرۈش، يەنى ھەركەتسىز تۇرغان ئىلىم نۇرىنى پارلىتىپ، ھەممە يەرگە يورۇتۇش ئىدى. خوجا باھاۋۇددىن نەقشىبەند بۇ ئارقىلىق تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى ئېنىق يۆنىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام مەنىۋىيىتى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ ۋە بۇ ئىشقا پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلايدۇ.

«بىراۋ ئۇلاردىن سوئال قىلدىكىم، دەرۋىشلىك سىزگە مىراستۇر يا كەسىپتۇر؟ ئۇلار دەپتۇرلار: تەڭرى جەزبىسىدىن بىر جەزبە ئىنسان ۋە جىن ئەمەلى ئۈچۈن باراۋەردۇر. (ئاللاھ) ھۆكمى بىلەن بۇ سائادەتكە مۇشەررەف بولدۇق» (يۇقىرىقى ۋاراق). بۇ بولسا ئارىفلارچە جاۋاب ئىدى.

«مەۋلانە جەلالىددىن خالىدىي ھەزرەتلىرىدىن سوراپتۇرلاركى، ھەزرەتى خوجا باھاۋۇددىننىڭ سۈلۈك ۋە تەرىقىتىنىڭ كېيىنكى ئۇلۇغلارنىڭ قايسى بىرىنىڭ تەرىقىتى بىلەن مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇ دەپتۇركى، سۆز مۇقەددىمىسىنى ماشايخدىن دەڭ. ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇقراقكى، بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر ئەۋلىيالىق نىشانىدۇر، ھەزرەتى خوجىدا تەڭرى تائالانىڭ شەپقىتى روي بېرىپتۇر، كېيىنكى تەرىقەت ئۇلۇغلىرىدىن ھېچ كىمگە بولمايدۇر. ئۇلار يەتتە يۈز توقسان بىردە رەبىئۇل ئەۋۋەل ئايىنىڭ ئۈچىدە دۈشەنبە كېچىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇرلار» (64—a ۋاراق).

بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن «ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇقراقكى» دېگەن ئىبارە ئارقىلىق جەلالىددىن خالىدىينىڭ ئۆزى تەڭرىتائالا شەپقىتىدىن خوجا ئابدۇخالىق غىجدۇۋانىينىڭ سۈلۈك تەرىقىتىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېيتىپ بەرگەن ۋە بۇنى يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مەتىنمۇ تەستىقلايدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن ھىجرىيە 791 - يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئۈچى دۈشەنبە، مىلادىيە 1389 - يىلى ئىككىنچى مارت دۈشەنبە كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. مىلادىيە يىلى ھېسابىدا ئۇ ھەزرەت 73 ياشلاردا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان.

«نەسىمۇل مۇھەببەت» تىكى 442 - تەرتىپتە خوجا يۈسۈپ ھەمەدانىي توغرىسىدا يېزىلغان تۆۋەندىكى مەتىن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە:

«سۆھبەتداشلار ئارىسىدا خەلىپەسى تۆت كىشى ئەردىلەر: خوجا ئابدۇللاھ بەررەقىي ۋە خوجا ھەسەن ئاندقىي ۋە خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ۋە خوجا ئابدۇخالىق غىجدۇۋانىي قەددەسەللاھۇ ئەسرارەھۇم ۋە خوجا يۈسۈپ قەددەسە سىررەھۇدىن. بۇ تۆت كىشىنىڭ ھەربىرى ئېرشات دەۋەت مەقامىدا ئەرمىشلەر ۋە مۇرىدلەر ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە ئەدەپ بىلەن مۇلازىم. چۈنكى ئەھمەد يەسسەۋىي تۈركىستان تەرەپىنى نىشان قىلدى. بارچە سۆھبەتداشلار ۋە ئىرادەت ئەھلىنى خوجا ئابدۇخالىق ئەگىشىپ مىڭىشقا دالالەت قىلدى» (60—b، 60—a ۋاراق).

www.uyghurkitap.com



بۇ مەتىندە خوجا ئابدۇخالىق غىژدۇۋانىينىڭ بۇ سۇلۇكتىكى بارچە سۆھبەتداش ۋە مۇرىدلارغا بۈيۈك ئۇستاز سۈپىتىدە مەشھۇر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

445 ـ تەرتىپتە خوجا ئەلى رامىتانىي توغرىسىدا يازغاندا تۆۋەندىكى مەتىنگە دۇچ كېلىمىز: «... ئەگەر يەر يۈزىدە خوجا ئابدۇخالىق پەرزەنتلىرىدىن بىرى بولسا ئىدى، مەنسۇر ھەرگىز دار ئۈستىگە بارمىغاي ئىدى» (b—61 ۋاراق).

خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند ھەزرەتلىرى ئۆز ھاياتىدا بىراۋنىڭ بەرگەن ھەدىيە ـ سوۋغىلىرىنى ئالمىغان ئىكەن. ئالغاندىمۇ ئاشۇ ھەدىيە ـ سوۋغىلارغا يارىشا ئۆزى ھەدىيەلەر ـ سوۋغىلار قايتۇرار ئىكەن. ئەلىشىر نەۋائى «نەسىمۇل مۇھەببەت» تە تۆۋەندىكى لەۋھەنى كەلتۈرگەن: شەرىف ھەمزە ئۇقەلىيدىن: «بەرگەن دوستمۇ ياكى بەرمىگەن؟» — دەپ سورىغاندا ئۇقەلىي: «بەرمىگەن دوست، بەرگەن تىلەيدۇ» (a—46 ۋاراق) جاۋابىنى بەرگەن. چۈنكى بىرەر نەرسە بەرگەن ھەرقانـداق كىشىنىڭ مەقسىتـى، شۇ نەرسە ئورنىغا بىرەر ئىش ئوندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ھەزرىتى خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ئەۋلىيالارنىڭ ئۈگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئۇلارغا رىئايە قىلغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئالەمچە باي، ئۆزىنى قانائەتتە تۇتقانلىقىنى، نەپسىنى قاتتىق باشقۇرغانلىقىنى، تەمەدىن يىراق بولغانلىقىنى بىلىمىز.

## ھەزرەتنىڭ مۇقەددەس نەپەسلىرى

ئېيتقانكى: «ھەقنىڭ خەلقى (يارالغۇچىسى) بىلەن ئەمـەس، ھەقنىـڭ ئۆزى بىلەن يانمۇ ـ يان بولماق كېرەك».

ئېيتقانكى: «ھەربىر تەۋفىق ئىگىسى ئۆز نەفسىگە قارشى تۇرمىقى كېرەك ۋە بۇ ھەرقانچە ئاز بولسىمۇ كۆپ بىلسۇن ھەمدە بۇ تەۋفىقنىڭ شۈكرىنى قىلسۇن».

ئېيتقانكى: «ئىختىيار بىزدە، ئەگەر خالىساق تالىبقا جەزبە ئارقىلىق تەسىر قىلىمىز. ئەگەر خالىساق سۇلۇك ئارقىلىق تەسىر قىلىمىز. مۇرشىد (پىر) — تەجرىبىلىك تېۋىپ. مۇرىدنىڭ ھالىغا مۇۋاپىق بولغان داۋانى قىلىدۇ. سەھىھ ھەدىستە كەلتۈرۈلۈشىچە، ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋەتەئالا ئۆز بەندىسىگە ئۆزىنىڭ يېتۈك بىلىمى ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، بىرىنى پەقىرلىق ۋە ئېغىرلىقتا تۇتىدۇ، باشقىسىنى بايلىق ۋە دەۋلەت ئۈستىدە».

ئېيتقانكى: «خۇپىيە زىكرىگە مەشغۇل بولغىنىمدا سىرىمدىن ئاگاھلىق ھاسىل بولدى. بۇ (سىر) نىڭ ئەسلى ئۈچۈن تەلەبتە بولدۇم. مەۋلانە ئارىف بىلەن ئوتتۇز يىل مانا شۇ يوسۇندا قىدىرىش ۋە ئىزلىنىشتە بولدۇق. ئىككى قېتىم ھىجاز سەپىرىگە بېرىلدى. ئادەملەر نەزىرىدە يوق پەقىرانە تۇرار جايلارنى كەزدۇق. كىشى بارمىكى، ئۆزى تىزمۇ تىز ئولتۇرسىيۇ، سەيرىدە ئاسمانلاردىن ئۆتسە، زاھىردا ئۇ يەردە بولسا، باتىنىدا بۇ يەردە مەشغۇل بولسا!».

ئېيتقانكى: «ھەر كىمنىڭ كۆڭلىدە بىزگە مايىللىق بولسا، ئۇ خاھ ئۇزاقتا بولسۇن، خاھ يېقىندا بولسۇن، ھەر كېچە ـ كۈندۈزدە ئۇ كىشىگە يېقىنلىق ئارقىلىق نەزەر سالىمىز، بىزنىڭ شەپقەت ۋە تەربىيەتىمىز سەرچەشمىسىدىن ئاڭا فەيىز يېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆز ھالىدىن خەۋەردار كىشى بولسا، فەيىز يولىنى توزىتىدىغان نەرسىلەردىن ساپ تۇتىدۇ».

ئېيتقانكى: «مۇرشىد (پىر) تالىبىنىڭ بۇرۇنقى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىن ئىبارەت ئۈچ ھالىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك، شۇندىلا ئۇنى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ».

ئېيتقانكى: «‹ئەسسەلاتۇ مېئراجۇل مۇئمىن› (ناماز مۆمىننىڭ پەلەمپىيىدۇر) دېگىنى — ھەقىقىي ناماز دەرىجىسىگە ئىشارەتتۇر. تەكبىر (ئاللاھۇ ئەكبەر) نى ئېيتقاندا ناماز ئوقۇغۇچى ھەزرەتى ھەق سۇبھانە ۋەتەئالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىشى، ۋۇجۇدىدا كەمتەرلىك ۋە ئاجىزلىق شۇ دەرىجىدە پەيدا بولۇشى كېرەككى، ھەتتا ئالەمدىن ئاجىرلىش ھالىتى يۈز بەرسۇن. بۇ سۈپەتنىڭ كامالى ھەزرەتى رىسالەتپەنا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدە مەۋجۇت ئىدى».

ئېيتقانكى: «ئۇلۇغلۇق ئەينىكىدە ئىككى تەرەپ بار. بىزنىڭ ئەينىكىمىزدە بولسا ئالتە تەرەپ. قىرىق يىلدۇركى بىز ئەينەك تۇتقۇچى بولىمىز. ۋۇجۇدىمىز ئەينىكى ھېچ قاچان خاتا قىلغان ئەمەس، ھەر ۋاقىت سىنىڭ كۆڭلۈڭدىن نېمىكى ئۆتسە، بىز ئۇنى خاتاسىز كۆرىمىز».

ئېيتقانكى: «ئەۋلىيالارغا خەلق يۈكىنى كۆتۈرۈشتىكى مەقسەت، ئۇلارنىڭ خۇلقىنى تازىلاشتۇر. تاكى خەلق ئەۋلىيا دىلىنى تاپالىسۇن. بەزى ۋاقىتلاردا ۋەلىي يوقكى، ھەق سۇبھانە ئاڭا نەزىرىنى سالمايدىغان بولسۇن. كىمكى بۇ دىلنى تاپسا بۇ دىل ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىلاھىي فەيز يېتىدۇ».

ئېيتقانكى: «ئەۋلىيالارغا سىرلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، ئەمما ئىزھار قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ».

ئېيتقانكى: «مەن ئۆزگىلەر ئەھۋالىنى ئىگىلىگۈچىمەن، خالىسام بىراۋغا ئۆتكۈر بولىمەن، خالىسام ئۇنىڭدىن كېچىمەن».

ئېيتقانكى: «بۇ يولنىڭ ھەقىقىتى ئىككى سۈپەتتە: ۋۇجۇدنى ئىنكار قىلىشتا ۋە بارىنى بەخش ئېتىشتە».

ئېيتار ئەردىلەركى: «دىل پىكىرلىك بولۇش ئۈچۈن ۋۇجۇد يېگىلىنىشى كېرەك، دىل پىكىرلىك بولغاچ ئۇ ھېچ ئۆلمەيدىغان ھاياتقا يەتكەن بولىدۇ».

ھەقىقەت يۈزىدىن ئۇۋەيسىي بولغان خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند XIV ئەسىردىكى شەرق ۋە ئاسىيانىڭ بۈيۈك ئالىمى ۋە ئارىفى دەرىجىسىدە تونۇلغان. بۇ زات ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئەۋلىيالاردىن پەرقلىق ھالدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ دەرىجە ئىلىملىرىنى ئۆز تەرىقەت قائىدىلىرى بىلەن ئەمەلىي ھاياتقا بىرلەشتۇرۇپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەلىمات ئەمەلىي تۈس ئېلىپ، خەلق ھاياتىغا تۇتىشىپ كەتكەن ۋە شۇ سەۋەبلىك بۇ تەرىقەت سۇلۇكى ھەر بىر دەۋردە بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

مىڭ يىللارچە دەۋردە يارىتىلغان تەسەۋۋۇپ ئىلمى تەلىماتى بۇ سۇلۇكتە مەيدانغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ماسلاشقان قائىدە يوللىرىنى ئەتراپلىق يارىتىش ۋە ئۆگىنىش ھەربىر پىكىر ئىگىسىنىڭ ئۇلۇغ ئىشىدۇر. ئىپار ھىدى بىلەن تۇغۇلغان ئارىف خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند جاھان تەپەككۇر ئالىمىدە ئەبەدىلئەبەد بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە ئورۇن تۇتقۇسىدۇر. بۇ ئىلىمنى — تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى ئۆگىنىش — ئۇنىڭ ۋەتىنى مەركىزىي ئاسىيادا قايتىدىن ئويغىنىش دەۋرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

## خوجا باھاۋۇددىن نەقشبەند نەسەبنامىسى

سەييىد ئەمىر كۇلال — خوجا مۇھەممەد بابايى سەماسىينىڭ خەلىپەسىدۇر.
خوجا مۇھەممەد بابايى سەماسىي — ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ خەلىپەسىدۇر.
خوجا ئەلى رامىتانىي (ئەزىزان) — خوجا مۇھەممەد خەلىپەسىدىندۇر.
خوجە مەھمۇد — خوجا ئارىف خەلىپەسىدىندۇر.
خوجا ئارىف رىۋگەرىي خوجا — ئابدۇخالىق خەلىپەسىدىندۇر.
ئەلىشىر نەۋائى «نەسىيمۇل مۇھەببەت» تە خوجا ئارىف رىۋگەرىي توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە يازغان: «خوجا ئارىف رىۋگەرىي قەددەسە سىررەھۇ خوجا ئابدۇخالىققا ۋە ئۈچ خەلىپە ئىدى. خوجا ئەھمەد سىددىق ۋە خوجا ئارىف رىۋگەرىي ۋە خوجا ئەۋلىيا كالان ۋە يېقىنلىق نەسەبى ھەزرەتى خوجا باھاۋۇددىن نەقشبەند قەددەسە سىررەھۇغە بۇ جامائەتتىن خوجا ئارىفكە يېتىشتۇر» (61—b ۋاراق).

## خاتىمە ئورنىدا

XX ئەسىر تەجرىبىلىرى ياسىما مەپكۇرە، كۈچ ئىشلىتىش، زۇلۇم قىلىش، مەنۋىيەت — تەپەككۇرنى بوغۇش، ئىنساننىڭ روھى دۇنياسىنى ئىبتىراپ قىلماسلىق بىلەن باشقۇرۇپ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى توغرا ئىدارە قىلىشتا مەنۋىيەت ۋە ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىسپاتلاپ ئۆتتى. دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى دۇنياۋى ئىلىملەر ئاساسىدا باشقۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى تەقەززا قىلدى. ئىلمىي كورلۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئىلغار جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن مەنۋىي ئەركىنلىككە ئېرىشىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ پۈتكۈل سىر - ئەسرارلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى سەزمەكتىمىز. ئەقىل - ئىدىراك قەيەردە بولسا، ئۇلۇغلۇق شۇ يەرە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

دۇنيا مەنۋىيىتىگە بۈيۈك ھەسسە قوشقان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆز ئەقىل - پاراستى بىلەن ۋەتىنىنى بارغانسېرى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگۈسىنى پاراۋان ۋە بەختىيار خەلق سۆيىپتىدە كۆتۈۋالسا ئەجەپ ئەمەس.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇھەممەتئىمىن تۇردى.
(مۇھەممەتئىمىن تۇردى: خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن)

# رۇسىيەدە ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار

رۇس ئالىملىرى 19 ــ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر فولكلورىنى توپلاش، نەشر قىلىش ئىشلىرىنى باشلىغان بولۇپ، 1845 ــ يىلى پېتېربورگدا قۇرۇلغان «رۇس پادىشاھلىقى گېئوگرافىيە جەمئىيىتى» دە ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا دىيارى جۇڭگو شىنجاڭنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىش تۇغۇلغان ئىدى. بۇ قىزىقىش، بولۇپمۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ رەئىسى مەشھۇر رۇس گېئوگرافى پ. پ. سېمىيانوف ــ تيەنشانسكىي (1914 ــ 1827) دە كۈچلۈك بولغان ئىدى. نەتىجىدە ئۇ ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىشنى جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلغان. ئۇ 1856 ــ يىلى ئۆزى غۇلجىغا بارغان. پ. پ. سېمىيانوف ئاساسىي تەشەببۇسكار ۋە تەشكىللاتچى بولۇپ، مەخسۇس ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيىلەرنى ئۇيۇشتۇردى. يەنە مەشھۇر تۈركولوگلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ تۇردى. ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيىلەرگە تۈركولوگلار، تارىخچىلار، ئېتنوگرافلار، ئەدەبىياتشۇناسلار، تەبىئەتشۇناسلار، ئارخېئولوگلار، گېئوگرافلار ئىشتىراك قىلدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مەدەنىيىتى، قەدىمىي تارىخى، ئەدەبىيات ــ سەنئىتى، تىل ــ يېزىقى، ئېتنوگرافىيىسى، فولكلورى ۋە باشقا ساھەلىرىنى ئۆگىنىپ ماتېرىيال توپلىدى، تەرتىپكە سالدى، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ باردى. شۇنداق تەتقىقاتلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىتتۇر. رۇس ئالىملىرى ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلەر نەتىجىسىدە چەتنىڭ كۆپلىگەن تارماقلىرى شىنجاڭ ھەققىدە تالاي قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولدى.

ئۇيغۇر فولكلور ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە نەشر قىلدۇرۇشتا چوقان ۋەلىخانوف، ۋ. ۋ. رادلوف، ن. ن. پانتوسوف، ن. م. پرژېۋالسكى، گ. ئې. گرۇم ــ گرژىمايلوف، س. ما. لوف، م. س. ئاندرېيوف ۋە باشقىلارنىڭ خىزمەتلىرى ئالاھىدە بولدى. ئىلغار پىكىرلىك ئالىملارنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى فولكلور ئەسەرلىرىنى توپلاش، تەرتىپكە سېلىش ۋە نەشر قىلدۇرۇش ئىشلىرى ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ تەتقىق قىلىنمىدىغان نۇقتىلىرىنى ئېچىپ بەردى. ئۇلار ئۇيغۇر فولكلورى ۋە ئۇنىڭ ئايرىم نەمۇنىلىرىنى ساقلىغۇچى، ئاممىۋىلاشتۇرغۇچى تىپلار (باخشى، شائىر، قوشاقچىلار) نىڭ ئىجادىيىتى، ئىجراچىلىق ماھارىتى مەسىلىلىرىنى خېلى جانلىق يورۇتۇپ بەردى. شۇنىسى خۇشاللىنارلىقكى، ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىگە چوڭقۇر مۇھەببەت، سەمىمىي ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ باي تارىخى، مەدەنىيىتىنى چىن كۆڭلىدىن قەدىرلىدى. ئۇيغۇر فولكلورى ئەسەرلىرىنى باي ئىجادىي مىراس سۈپىتىدە باھالاپ زور قىزىقىش بىلەن توپلىدى. ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى، مەزمۇندارلىقى رۇس ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغان ئىدى. بولۇپمۇ 1861 ــ 1864 ــ يىللىرى ئىلى رايونىدا كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە كېيىن (1881 ــ 1871) ئىلى رايونىنىڭ رۇس پادىشاھلىقى قولىدا بولغانلىقى رۇس ئالىملىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ۋە كەڭ تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا قولاي ئىمكانىيەتلەرنى

www.uyghurkitap.com



يارىتىپ بەردى. ئۇلار ئۆزلىرى توپلىغان ماتېرىياللارنى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەرەب يېزىقىدا (بۇ ئىشنى ئاساسەن ۋ. ۋ. رادلوف ن. پانتۇسوفلار قىلدى) ، ئايرىملىرىنى بولسا ئۇيغۇر تىلىدا، لاتىن يېزىقىدا رۇسچە تەرجىمىسى بىلەن رۇسىيىدە ئالاھىدە توپلام، كىتاب قىلىپ نەشر قىلدى، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كېلىپ ئۇيغۇر فولكلور ئەسەرلىرىنى كەڭ دائىرىدە توپلاش، ئۇلارنى ژانىر ۋە مۇندەرىجىسى بويىچە تەرتىپكە سېلىپ، ئايرىم كىتاب ياكى توپلام ھالىتىدە نەشر قىلدۇرۇش ئىشلىرى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدى. بۇ ساھەدە پېتىربورگ ۋە قازان نەشرىياتلىرى پائال ھەرىكەت قىلدى ۋە زور ۋەزىپىلەرنى بېجىردى.

× × ×

رۇس ئالىملىرى ئۇيغۇر فولكورى ئەسەرلىرىنى توپلاش، خاتىرىلىۋېلىشتا خەلق ئىجادچىلىرى - قوشاقچىلار، داستانچىلار، ناخشىچىلار، سازەندىلەر، ھافىزلار، شائىرلار، تارىخچىلار، دېھقانلار، باغۋەنلەر، ھۈنەرۋەنلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى ۋە دوستىلاشتى. خوتۇن - قىزلار بىلەن سەممىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىمۇ ئايانمىدى.

رۇس ئالىملىرى ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ژانىرلىرىغا، روھىغا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاجايىپ مەزمۇندار تېكستلىرىگە، مۇزىكا سەنئىتىگە، ئېتنوگرافىيىسىگە زور قىزىقىش ۋە ھەۋەس بىلەن قارىدى. ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنىنى ئوبيېكتىپ كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فولكلورىنى يىغقان ۋە ئۇنى ھازىرغىچە يەتكۈزگەن رۇس ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش زۆرۈر، دەپ قاراپ، تۆۋەندە ئۇلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى لازىم كۆردۇق:

1. چوقان ۋەلىخانوف. يىرىك شەرقشۇناس، قازاق خەلقىنىڭ دانىشمەن ئوغلانى چوقان مۇھەممەد چىنگىز ئوغلى ۋەلىخانوف (1837 - 1865) ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. ئىلغار رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەرغىباتچىسى بولغان چوقان ۋەلىخانوف ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، تىل - يېزىقى، ئېتنوگرافىيىسى ، مۇزىكا سەنئىتى، يازما ئەدەبىياتى ۋە فولكلور ئەسەرلىرىنى توپلىغان ۋە ئىجتىھاد بىلەن ئۆگەنگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرىدۇر.

چوقان شىنجاڭغا پ. پ. سېمىيانوف - تيەنشانسكىينىڭ مەسلىھەتى بىلەن كەلگەن. مەشھۇر ئالىم چوقانغا مۇراجىئەت قىلىپ شۇنداق دېگەن ئىكەن: «چوقان چىنگىزوۋىچ سىز ئىلىم - پەنگە، خەلققە ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيسىز، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن ... مەندىن كېيىنكى قەدەمنى سىز باسسىڭىز قانداق؟ سىز قەشقەرگە، ئىنتايىن كۆپ ئەفسانىلەر توقۇلغان قەشقەرگە بارالايتتىڭىز. . مەن ئۆزۈمنى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئەيىبلىك ھېسابلايمەن. چۈنكى سىز ناھايىتى ياشسىز. مەن بولسام سىزنى ناھايىتى خەتەرلىك ئىشقا رىغبەتلەندۈرمەكتىمەن. .. سىز قەشقەرگە پەقەت يوشۇرۇن ھالدا كىرىشىڭىز مۇمكىن». سېمىيانوف يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ۋەلىخانوفنى قىرغىز كىيىمىدە سودا كارۋىنىغا قوشۇپ قەشقەرگە ئەۋەتىش توغرىسىدىكى پىكرىمنى بىلدۈردۈم. كېيىن ۋەلىخانوف بۇ ۋەزىپىنى زور مۇھەببەت بىلەن بېجىرگەن ئىدى» . بۇ دەۋردە جاھان تارىخى بۇ ئەپسانىۋى دىيار، ئۇنىڭ ئەرك سۆيەر

كىشىلىرى - مىللىي قەھرىمانلىرى، ئاتەشنەپەس شائىر - يازغۇچىلىرى، ئۇلۇغ دانالىرى، غەزەلخان - داستانچىلىرى، ئىستىبدادلىق سەنئەتكارلىرى ھەققىدە قانچىلىغان ئاجايىباتلارنى بىلەتتى.

چوقاننىڭ بىرىنچى سەپىرى شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىگە بېرىشتىن باشلاندى. ئۇ 1856 - يىلى غۇلجىدا ئۈچ ئاي يۈرۈپ تۇڭگان، ئۇيغۇر، قىرغىزلارنىڭ تارىخى، گېئوگرافىيىسى ۋە ئېتنوگرافىيىسىگە كۈچلۈك ئېتىبار بېرىپ نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلايدۇ. قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئاشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا «زەيلى ئۆلكىسىنىڭ گېئوگرافىك ئوچېركى»، «تاغلاردا ياشاۋاتقان قىرغىزلار ھەققىدە»، «قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ ۋە ئومۇمەن يېزىقى يوق خەلقلەرنىڭ قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈش تارىخى»، «مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي ئۆلكىسى ھەققىدە»، «مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي ئۆلكىسى ۋە غۇلجا شەھىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. 1857 - يىلى 27 - ئاپرېلدا 20 ياشلاردىكى چوقان ۋەلىخانوف پ. پ. سېمىيانوفنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن «رۇس گېئوگرافىيە جەمئىيىتى» نىڭ ھەقىقىي ئەزالىقىغا سايلانغان ئىدى.

چوقان 1858 - يىلى ئىيۇندا كاتتا سودىگەر موسابايوف كارۋانلىرى بىلەن «ئالىمباي» دېگەن نام بىلەن قەشقەرگە مەخپىي كىرىدۇ. چوقان بىرىنچى رەتتە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگىنىشكە جىددىي كىرىشىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگىنىشتە يازما ئەدەبىي ماتېرىياللارغا، لۇغەتلەرگە تايىنىپلا قالماي، ھاياتقا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئېغىز پوئېتىك ئىجادىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىدۇ. چوقاننىڭ ۋەزىپىسى ئۇيغۇر خەلقى ھەققىدە تەپسىلىي، ئېنىق مەلۇماتلارنى توپلاش ۋە ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ قەشقەردىكى جىددىي ۋەزىيەت تۈپەيلى ناھايىتى كۆپ ۋە ئېغىر خەۋپ - خەتەرلەر، قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئۆز ئىشىنى ھەرگىزمۇ توختاتمىدى. شۇنداقلا ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى زور ئىشتىياق بىلەن بېجىردى، قەشقەرنىڭ گېئوگرافىيىسى، تارىخى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت مەلۇماتلار بىلەن بىرگە فولكلور ئەسەرلىرىنى يېزىۋالدى ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلدى. ئۇيغۇر تارىخى، يازما ئەدەبىياتىغا دائىر نادىر قولىيازمىلار (تەزكىرەئىي سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، تەزكىرەئىي تۇغلۇق تۆمۈرخان، تەزكىرەئىي خوجىگان، ئەبۇ - مۇسلىم مەئۇرۇزى، تارىخى رەشىدىي) نىڭ ئەسلى نۇسخىلىرىنى تاپتى ۋە ئېلىپ كەتتى. ئۇ: «مەن قەشقەردە تۇرغان ۋاقتىمدا، قەشقەرلىقلەرنىڭ ئۆز - ئارا سۆزلىشىدىغان تىلىنى ئۆگەندىم، بۇ تىل ياۋرۇپا ئالىملىرىغا مۇتلەق تونۇش ئەمەس، ئۇلار بىلىدىغان تىل چاغاتاي تىلىغا ئوخشاش كىتابىي تىلدۇر. .. مەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىدىيوماتىك مىساللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوش سۆزلەر لۇغىتىنى تۈزۈپ چىقتىم. كۆپلىگەن خەلق قوشاقلىرىنى يېزىۋالدىم» دەپ يازىدۇ.

چوقان ۋەلىخانوف ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي ھاياتىنىڭ قايناق بۇلىقى ئىكەنلىكىنى، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز كۆپلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر دائىرىسى كېڭىيىپ بارىدۇ. ئۇ 1860 - يىلى مارتتا روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ چاقىرىقى بىلەن قەشقەردىن پېتېربورگقا قايتىدۇ. قەشقەر ساياھىتىدىن زور ئۇتۇقلار بىلەن پېتېربورگقا بارغان چوقان ۋەلىخانوفنى رۇس گېئوگرافىيە جەمئىيىتى «باتۇر ساياھەت-

www.uyghurkitap.com

چى، ئاجايىپ ئالىم، تالانتلىق ئوفىتسېر» دەپ زور خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىدۇ.

چوقان ۋەلىخانوف قايتقاندىن كېيىن قەشقەر دائىرىسىدە قىلغان ساياھەتلىرىدە توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئىشلەپ، بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنى «گېئوگرافىيە جەمئىيىتى يازمىلىرى» دا ئېلان قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ قىرغىزلار ئېلى، قەشقەر ساياھىتى، قازاق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھاياتى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، تىرىكچىلىك يوللىرى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. گېئوگرافىيە جەمئىيىتى چوقاندىن قەشقەر ھەققىدە تولۇق ئىقتىسادىي، سىياسىي ماقالە يېزىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. بۇ تەكلىپكە ئاساسەن ئۇ پۈتۈن شىنجاڭنى ئايلىنىپ قىلغان ساياھەتلىرىدە توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئىشلەپ «جۇڭغارىيە ئوچېركلىرى» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەردە سەيياھنىڭ دېموكراتىك قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئەسەر گېئوگرافىيە جەمئىيىتىنىڭ 1860 ـ يىلدىكى ئومۇمىي يىغىلىشىدا ئوقۇلۇپ، ئالىملار تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىدۇ. بۇ ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ ئەينى چاغدىكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتى، مېھنەتكەش خەلقنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى، ئىسلام دىنى تونىدىكى مەھەللىۋى فېئودال ئۆلۈمالارنىڭ ئاسارەتلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر تىل بىلەن كەڭ شەرھلەنگەن، باي پاكىتلىق ماتېرىياللار ئاساسىدا جاھالەت ۋە زۇلۇمنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى ئېچىپ بېرىلگەن.

چوقان ۋەلىخانوف ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ئاچلىقنى، قاششاقلىقنى، زورلۇقنى، پارىخورلۇقنى كۆرۈپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ شۇ سەۋەبتىن ئەسىرلەر بويى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكىنى غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن سۆكىدۇ. ئۇ «جۇڭغارىيە ئوچېركلىرى» دىن كېيىن شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ۋە سىياسىي ھاياتىنى كەڭ تەسۋىرلەيدىغان «مانجۇرىيە تەۋەلىكىدىكى جەنۇبىي ئالتە شەھەر ياكى كۈنچىقىش ئالتە شەھەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالى» (1858 ـ 1859) ناملىق ئەسىرىنى يازىدۇ. بۇ ئەسەر «رۇس ئىمپېراتورلۇقى گېئوگرافىيە جەمئىيىتى يېزىشمىلىرى» (1861 ـ يىلى 3 ـ كىتاب) دا ئېلان قىلىنىدۇ.

ئەنە شۇ ئىككى ئەسەر 1865 ـ يىلى لوندوندا ئىنگلىز تىلىدا چىقىدىغان «رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيادا» دېگەن توپلامدا يەنە بىر قېتىم نەشر قىلىنىدۇ. چوقان ۋەلىخانوف قازاق، قىرغىزلار ئېلىدە بولسۇن ياكى شىنجاڭدا بولسۇن فولكلور ئەسەرلىرىنى ناھايىتى كۆپ توپلىغان، خاتىرىلىگەن ۋە ئۇلار ھەققىدە نەزەرىيىۋى پىكىرلەرنى يورۇتقان ئالىم ئىدى.

چوقان ۋەلىخانوف 1865 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن رۇس ئالىملىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاپ نەشر قىلىشنى پىلانغا كىرگۈزىدۇ. پروفېسسور ن. ئى. ۋېسىلوۋسكى تەھرىرلىكىدە 1904 ـ يىلى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئەسەرلىرى چوڭ تىپتىكى توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنىدۇ. ۋېسىلوۋسكى كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە: «چوقان ۋەلىخانوف شەرقشۇناسلىق ئاسمىنىدا خۇددى پارلاق مېتېئورتەك پەيدا بولدى ـ دە، ئۆتۈپ كەتتى. شەرقنى ئۆگەنگۈچى ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئاز ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى دەپ قول قويۇشقان ۋە ئۇنىڭدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە چوڭ ۋە مەزمۇندار كەشپىياتلارنى كۈتكەن ئىدى. چوقاننىڭ ۋاپاتى بۇ ئۈمىدلىرىمىزنى بەربات قىلدى» دەپ يازغان ئىدى. يىرىك شەرقشۇناس ـ ئۇيغۇرشۇناس ئالىم چوقان ۋەلىخانوف ئاخىرقى نەپەسلىرىگىچە ئۇيغۇرلار ھەققىدە باش قاتۇرىدۇ، پىكىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ پىكىرلىرى ئۇيغۇرشۇناسلىقتا مەشئەلدەك يېنىپ تۇرغۇسى.

2. ۋ. ۋ. رادلوف (1837 ـ 1918). «شەرقشۇناسلار ئىچىدە ھەممە ۋاق يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان»، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى، تىلى، يېزىقى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى كۆپ مېھنەت قىلغان كىشى ئاكادېمىك ۋ. ۋ. رادلوف بولۇپ، ئۇ ئېتنوگرافىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە فولكلور ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە ئۆگىنىش مەقسىتىدە سىبىرىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستانغا بارغان. 1862 ـ يىلى ئىلمىي كاماندىروپكا بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونى ۋە قاپالغا بارغان. ۋ. ۋ. رادلوف ئۇ يەرلەردە ئاۋۋال نوپۇزلۇق كىشىلەر بىلەن تونۇشىدۇ، دوست بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك شائىرى موللا بىلال بىن موللا يۇسۇف نازىمى، تارىخچى ئۆمەر باقىلار ئۇنىڭ يېقىن ياردەمچىلىرىدىن ئىدى. رادلوف ئۇلار ئارقىلىق تارىخىي ھۆججەتلەرنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنىڭ ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى توپلىدى. ئۆمەر باقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنى، چۆچەك ـ ھېكايىلىرىنى، تېپىشماق ـ بېيىتلىرىنى، ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ بىر يىلغا يېقىن (1863 ـ يىلى) رادلوفنىڭ بارناۋۇلدىكى ئۆيىدە① تۇرۇپ رادلوفقا ياردەم قىلدى.

ۋ. ۋ. رادلوف ئىلمىي ئەدەبىياتتا بىرىنچى بولۇپ، ئىلى ۋادىسىنى تارىخ، گېئوگرافىك جەھەتتىن تەسۋىرلەپ بەردى. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا ئالاھىدە نەزەر تاشلىدى. ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەندى. ئۇ «مەن ئۆمەر باقى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىۋالدىم. قاپال بىلەن غۇلجا شەھەرلىرىدىن يېزىۋالغان تېكىستلەرنى قايتا كۆرۈپ چىققاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇنىڭدىن كۆپ چۆچەكلەرنى، ئاجايىپ ھېكايىلەرنى، ئۆز ھاياتىدىن خاتىرىلەرنى، بولۇپمۇ ئىلى ۋادىسىنىڭ مانجۇلارغا قاراشلىق رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە كۆپ ماتېرىياللارنى يېزىۋالدىم» دەپ يازغان ئىدى.

رادلوف ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان، شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونلىرىدا كۆپ قېتىم ئېكىسپېدىتسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۆزى بىۋاستە ئىلمىي رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ماتېرىياللارنى توپلىغان، شۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا «ئالتايدىن خەتلەر»، «1862 ـ يىلى شەرقىي قىرغىز (قازاق) دالاسىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ساياھەت ھەققىدە خەۋەر»، «بۈيۈك ئاسىيادىكى ئىلى دەريا ۋادىسى ۋە ئۇ يەردىكى ئاھالە» گە ئوخشاش ماقالىلەرنى ۋە باشقا يىرىك ئەسەرلەرنى يازدى. بۇ ئەسەرلەردە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاغزاكىي ئىجادىدىن نەمۇنىلەر ۋە ئۇلار ھەققىدىكى پىكىرلەر يورۇتىلغان.

«شىمالىي تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» نامى بىلەن (1865 ـ 1904 ـ يىللىرى) نەشر قىلىنغان ئون توملۇق توپلامنىڭ توققۇز تومى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك تۈزۈلگەن ئىدى: تەمسىللەر (مەسەللەر)، ھېكمەتلىك سۆزلەر (دىنىي پەتىۋالار)، ئىلى ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ خەلقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار، خەلق ئارىسىدىكى ھېكايىلەر، چۆچەكلەر، بېيىتلەر ۋە خەلق قوشاقلىرى قاتارلىقلار.

رادلوف ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئىلىم ـ پەن خەزىنىسىگە قوشۇشتا زور خىزمەتلەرنى قىلدى.

ئاكادېمىك رادلوف ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەنمۇ ئۇيغۇر

① رۇسىيەنىڭ بىر شەھىرى.

www.uyghurkitap.com



فىلولوگىيىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئالىملارنىڭ بىرى، بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك ئالىم، ئەدىب، تىلشۇناسلىرىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەر-لەرنىڭ شاھ ئەسەرلىرى «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «قىپچاق لۇغىتى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ چوڭقۇر پىكىرلەرنى يورۇتتى. ئۇ يەنە بىرىن-چى بولۇپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى، ئىسيانكار شائىرى سادىر پالۋان قوشاقلىرى-دىن نەمۇنىلەر توپلىغان ئىدى.

ۋ. ۋ. رادلوف «شىمالىي تۈركىي قەبىلىلەر خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» نىڭ توققۇ-زىنچى تومىغا يازغان كىرىش سۆزىدە ئۇيغۇر فولكلورى، ژانىرلىرى، مەزمۇنى ۋە ئىجراسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ باي مىراسنى توپلاش، نەشر قىلىش كۆپ جەھەتتىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ خەلقنىڭ قوشاق يارىتىش ۋە ئاڭلاشتىكى قابىلىيەت ۋە ماھارەتلىرىگە قايىل بولغانلىقى ۋە تاڭ قالغانلىقىنى ئالاھىدە ئورغۇ بىلەن تەكىتلەيدۇ.

ئاكادېمىك رادلوف ئۇيغۇرلارنى روسىيەدىكى مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇشتا، مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى مۇستەھكەملەشتە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى. ئۇ توپلاپ، نەشر قىلدۇرغان ناخشا ـ قوشاقلار، ماقال ـ تەمسىللەر، چۆچەك، ھېكايىلەر ۋە ئۇيغۇر فىلولوگىيىسى ساھەسىدىكى ئىلمىي پائالىيىتى ۋە قالدۇرغان مىراسى ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دېيىلسە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

3. ن. ن. پانتوسوف. ئۇيغۇر تارىخى، يازما ئەدەبىياتى، ئېتنوگرافىيىسى، مۇزىكا سەنئىتى، بولۇپمۇ خەلق پوئېتىك ئىجادىنى توپلاش، تەرتىپكە سېلىش، نەشر قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى روسچىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىدا شەرقشۇناس ئالىم پانتوسوف-نىڭ (1849 ـ 1909) خىزمىتىمۇ ناھايىتى زور بولدى. شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىنى روس پادىشالىقى بېسىۋالغان يىللاردا (1871 ـ 1883) پانتوسوف يەتتەسۇ ھەربىي گوبېرنا-تورلىقى غۇلجا ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ئىدى. بۇ خىل شارائىت ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن قولاي ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇ خەلق قوشاقچىلىرى، داستانچىلىرى، سازەندىلىرى، رەسساملىرى، تارىخچىلىرى، شائىرلىرى، خەتتاتلىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرى بىلەن يېقىندىن ئالاقە باغلاپ ئۇلار بىلەن دوستلىشىشقا تىرىشتى. ئىلى رايونىدا زور ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان شائىر ۋە تارىخچى موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ نازىمى، خەلق رەسسامى ھەسەن ئاخۇن، تەرجىمان ئاسلىخوجا كۆنەنجايلار بىلەن يېقىندىن تونۇشۇشى، دوستلىشى ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىگە زور ياردەم بەردى. ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەندى. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئېغىر مۇشەققەتلىك ھاياتى بىلەن تونۇشتى. ئۇ خەلق پوئېتىك ئىجادى، ئېتنوگرافىيىسى، مۇزىكا سەنئىتى، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئۆگىنىشكە قىزىقتى. بۇ ئىزدىنىشلەر پانتوسوفنىڭ «مەرىپەتپەرۋەر كىشى، ئىجادىيەت قەدىردانى» دېگەن شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئۇنىڭ شۆھرىتى ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالدى. قەشقەر، كۇچار قاتارلىق شەھەرلەردىكى يازغۇچىلار، تارىخچىلار ۋە خەتتاتلار ئۇنىڭغا خەتلەرنى، ئىجادىي ئەسەرلەرنى، قولىيازمىلارنى ئەۋەتىپ تۇردى. سايراملىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر تارىخچى-سى موللا موسا سايرامى ن. ن. پانتوسوف بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولدى. ئۇ (موللا موسا سايرامى) 19 ـ ئەسىر شىنجاڭ تارىخىغا بېغىشلانغان «تارىخى ئەمىنىيە» ئەسىرىنى

ن. ن. پانتوسوفقا ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىغان بولۇپ بۇ ئەسەر پانتوسوفنىڭ تەھرىرلىكىدە شۇ دەۋردىلا نەشر قىلىنغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا موللاموسا سايرامى شەرقشۇناس ئالىملارنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىلمىي پائالىيىتىگە ياردەم بېرىشتە زور خىزمەتلەرنى قىلدى. شۇنداق قىلىپ ن. ن. پانتوسوف خەلق پوئېتىك ئىجادىنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىدىن ناھايىتى كۆپ نەمۇنىلەرنى يېزىۋالدى.

پانتوسوف رۇسىيىگە قايتقاندىن كېيىن ئىلى رايونىدا توپلىغان ئېتنوگرافىك ۋە فولكلور ماتېرىياللىرىنى رۇس ئىمپېراتورلىقىنىڭ تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە جەمئىيىتى سېكرېتارى، مەشھۇر شەرقشۇناس س. ف. كاتانوف تەھرىرى ئاستىدا ژانىرلار بويىچە تەرتىپكە سېلىپ، «تارانچى قوشاقلىرى» «تارانچى قوشاقلىرىنىڭ ئاھاڭلىرى» دېگەن نامدا نەشر قىلدۇردى. بۇ توپلاملارنىڭ كىرىش سۆزىدە قەيت قىلىنغان پىكىرلەر ئۇيغۇر فولكلورىنى ئۆگىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. توپلامدا فولكلور ھەققىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي تارىخى، باي مەدەنىيىتى، مۇزىكا سەنئىتى، ئېتنوگرافىيىسى، تىل - يېزىقى ھەققىدىمۇ قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. «تارانچى قوشاقلىرى» توپلىمىدىكى ناخشا - قوشاقلار خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان كىشىلەرنىڭ ناملىرى بىلەن مەخسۇس سەرلەۋھەلەر ئاستىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

توپلام تۆۋەندىكىدەك تۈزۈلگەن:

كىرىش سۆز؛

1 - باب. تويدا ئېيتىلىدىغان ئۆلەڭلەر (ھەي - ھەي ئۆلەڭ)؛

2 - باب. جىن چاقىرىش (قىزنى كۆچۈرۈش) تا تۆت ئايال ئېيتىدىغان قوشاقلار؛

3 - باب. قىزنىڭ ئانىسى يىغلاپ ئېيتىدىغان قوشاقلار؛

4 - باب. چۈچۈن سالاۋات (ياش يىگىتلەر سۆزى)؛

5 - باب. سالامغا ئېلىپ بارىدىغاندا ئېيتىلىدىغان سۆزلەر؛

6 - باب. بارات ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېيتىلىدىغان قوشاقلار؛

7 - باب. رامىزان قوشاقلىرى؛

8 - باب. بارات كەتكەندە ئېيتىلىدىغان قوشاقلار، بېيىتلەر، نەۋرۇز بېيىتلىرى، قەلەندەرلەر بېيىتلىرى، كونىلارنىڭ سۆزلىرى.

بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بىر قىسمىنىڭ نوتىسى كىرگۈزۈلگەن، توپلامنىڭ ئاخىرىدا يىگىرمە ئىككى دانە خەلق چالغۇ ئەسۋابىنىڭ (خەلق رەسسامى ھەسەن ئاخۇن سىزغان) رەسىملىرى بېرىلگەن. پانتوسوف توپلىغان مۇزىكا فولكلورى دۇتار، تەنبۇر، غىجەك، راۋاپ ۋە باشقا مۇزىكا ئەسۋابلىرى بىلەن ئورۇنلىنىدىغان كۈيلەردىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ناخشا - قوشاقلارنى توپلىغاندا ھەربىر مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئاۋۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ مېلودىيىسىنى نوتىغا ئالىدۇ. ئۇ ناخشا - قوشاق، بېيىت ۋە باشقا ژانىرلارنىڭ مەزمۇنى، غايىسى، تەسىرچانلىقى، بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى، ئاممىۋىلىقى ھەققىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

«تارانچى قوشاقلىرىنىڭ كۈيلىرى» گە 99 پارچە ئەتراپىدا ئىشق - مۇھەببەت ۋە تارىخىي تېمىدىكى قوشاق كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ 55 ى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى

ۋە 34 گە نوتا بېرىلگەن. ئۇ توپلاپ نەشر قىلدۇرغان «تارانچى تېپىشماقلىرى ۋە مەسەللىرى» توپلىمى ئۇيغۇر فولكلورچىلىقىدا قىلىنغان بۇ ساھەدىكى ئەمگەكلەرنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرىدىن بولۇپ، 177 تېپىشماقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ تېپىشماقلارنىڭ كۆپلىرى بېيىت شەكلىدە. مەسىلەن:

ئوتقا كىلىپ بىر قەلەندەر، ئۇسسۇدۇم، سۇ، دەپ تۇرار.
كىندىكىگە ئوتنى ياقسا، كۆپ يىغلىق، ھۇۋ، دەپ تۇرار
بىر دەمدە نەچچە دەريا سۇنى ئىچىپ،
بىر تامچە سۇ ئىچمىدىم دەپ، ۋارقىراپ، سۇ دەپ تۇرار.

تېپىشماقنىڭ جاۋابى ئىنزاھ تەرزدە بېرىلگەن: (قازانغا سۇ قويۇپسىز، ئاستىدىن ئوت ياقىسىز، سۇ پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ) غا ئوخشاش. يەنە «تارانچى خەلق ھېكمەتلىرى» توپلىمىغا 89 ھېكمەت كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار تۈرلۈك ئېتىقادلارغا باغلىق ھالدا بېرىلگەن. «تارانچى باخشىلىرىنىڭ پىرى ئويۇنى» توپلىمى دىنىي غەزەللەردىن ئىبارەت. توپلامدا «شامان» باخشىلارنىڭ كېسەلگە داۋا بەرگىنى، دەپ خۇداغا، پەيغەمبەرگە، چاھاريارلارغا سېغىنىپ ئېيتىدىغان قوشاق تېكىستلىرى نوتا بىلەن بىرىلگەن، ئايرىم تېكىستلەر رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ دەۋرىدىكى ۋەقەلەر ھەققىدە قوشاقلار» توپلىمى بەش بابتىن ئىبارەت بولۇپ، 1 ـ باب ياقۇپبەگ ھەققىدە؛ 2 ـ باب مەھمۇدخاننىڭ دادىسى مىراخۇن شەيخىنىڭ قوشۇقى؛ 3 ـ باب شاياخۇنۇمنىڭ ئوغلى مەھمۇدخان قوشۇقى؛ 4 ـ باب زۇڭتۇڭ ھەققىدە قوشاق؛ 5 ـ باب ياقۇپبەگنىڭ يېقىن كىشىسى تۇردى ئاخۇن قوشاقلىرى. بۇ توپلامنى ئۇيغۇر خەلق فولكلورى، تارىخى، تىل ـ ئەدەبىياتى، ئېتنوگرافىيەسىنى ئۆگىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. «ئىلىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇسەك تارانچىلىرىنىڭ قوشاقلىرى» توپلىمىدا ئىلى سولتانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ پۈتۈن ھۆكۈمرانلىق يەنە مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يەتتىسۇغا كۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇلار دەسلەپ يەركەند (ئۇسەك) كە، كېيىنچە ئاقسۇ، چارىن، كەتمەن، شۇنقار، چىلەك ۋە باشقا يەرلەرگە ماكانلىشىدۇ. ئۇسەك بويىغا كۆچۈپ چىققان تارانچىلارنىڭ كۆچۈش سەۋەبلىرى، كۆچۈش دەۋرى ۋە يېڭى ماكانغا قانداق ئورۇنلاشقانلىقى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ناخشا ـ قوشاقلار يارىتىلغان، پانتوسوف تۆۋەندىكى قوشاقلارنى توپلىغان:

يەركەند دېگەن يەرلەردە،
ئەسكى تام تولا ئىكەن.
نامراتلار قانداق قىلۇر،
كەلتۈرگەن ئۇلاق ئىكەن.

ئۇسەككە بارۇرمىز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتۇق.
ئۆي ـ جايىمىز پۈتكىچە،
توپراق ـ توپىدا ياتتۇق.

ئۆسەككە بارغان خەلقلەر،
ئەسكى تامنى ئۆي قىلدى.
ئۇندا خوتۇن ئالغانلار،
ئەسكى تامدا توي قىلدى.

ن. ن. پانتوسوفنىڭ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ كۆپ خىل ژانىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاخىرقى ئەسىرى «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن چوڭ تېپتىكى توپلام بولدى، بۇنىڭغا «چىن تۆمۈر باتۇر»، مولla بىلال نازىمىنىڭ «نوزۇگۇم»، «چاڭمۇزا يۇسۇپخان» داستانلىرى، «تىيىپ پادىشاھ ۋە زۆھرەخان ۋەقەلىرىنىڭ بايانى» ناملىق خەلق چۆچىكى، 494 ماقال ـ تەمسىل، 122 تېپىشماق، سەئىد موھەممەد قاشىنىڭ «شەرھى شىكەستە» («قايغۇ ـ ھەسرەت بايانى») داستانىدىن پارچىلار ۋە باشقا غەزەل، مۇخەممەسلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بولارنىڭ بىر قىسمى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

پانتوسوفنىڭ تەھرىرلىگىدە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى موللا بىلال نازىمىنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» داستانىنىڭ ئالاھىدە كىتاب شەكلىدە نەشر قىلىنغانلىقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى زور ئىلمىي ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئۇيغۇر خەلق لىرىك شېئىرىيىتىنى تېماتىك جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە (ئېپىك، لىرىك، دراماتىك ئەسەرلەرگە) بۆلۈپ، لىرىك شېئىرىيەت ۋە ئۇنىڭ مېلودىيە تەرىپىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

ئۇنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، مۇزىكا سەنئىتى، ئېتنوگرافىيە ساھەسىدىكى خىزمىتى 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

4. ن. ف. كاتانوف (1862 ـ 1922). ئۇ رۇس ئىمپېراتورلىقى قازان ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ، ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە جەمئىيىتىنىڭ سېكرېتارى. ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ 80 ـ يىللىرىدا يەتتىسۇ ھەربىي گوبېرناتورلىقى غولجا ئىشلىرى بويىچە تەشكىل قىلىنغان مەخسۇس ئىدارىدا مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئەشۇ ۋاقىتلاردا ئۇ ئۇيغۇر تىلى، ئېتنوگرافىيىسى، تارىخى ۋە فولكلورىنى توپلاشتا، ئۆگىنىش ۋە نەشر قىلدۇرۇشتا زور ئىشلارنى قىلدى. ئۇ 1892 ـ 1889 ـ يىللاردا يەتتىسۇ ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىپ، قۇمۇل، تۇرپان، كېيىن ئۈرۈمچى، چۆچەك، غۇلجا، كۇچار، خوتەن شەھەرلىرىدە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇ 1892 ـ يىلى 21 ـ مارتتا رۇسىيەگە قايتىپ كېتىپ، توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بىر قاتار توپلاملارنى ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇردى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. سىبىرىيە ۋە شىنجاڭدىن خەتلەر؛
2. تاتار[①] تىلىدا سۆزلەشكۈچى شىنجاڭلىقلاردا پال ئېچىش ئادەتلىرى؛
3. تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا؛
4. ئۇخلاۋاتقان يەتتە ئىدىر ھەققىدە تاتارلارنىڭ رىۋايەتلىرى؛
5. تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىم زامانلاردىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئېرلاش ئادەتلىرى؛
6. ئۇيغۇرلارنىڭ توي قىلىش ئادەتلىرى ھەققىدە؛

① كاتانوف ئۇيغۇرلارنى تاتار تىلىدا سۆزلەشكۈچى، دەپ چۈشەندۈرگەن.

7. ئۇيغۇرلارنىڭ بىناماز، ھورۇنلارنى جازالاش چارىلىرى ھەققىدە؛
8. جۇڭگو تۈركىي تاتارلىرىنىڭ تىرىكچىلىك قائىدىلىرى؛
9. شىنجاڭدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان قارىشى؛
10. ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئادەم ھەققىدە چۆچەك.

نامى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەسەرلەردە ئۇيغۇر خەلق پوئېتىك ئىجادىنىڭ ژانىرلىرىدىن (ناخشا ـ قوشاق، چۆچەك، ئەپسانە، ماقال ـ تەمسىللەر، تېپىشماقلار) دىن كۆپلىگەن مىساللار كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ 2384 بەتلىك «تۈركىي ـ تۈرپان تېكىستلىرى» ناملىق قولىيازمىسى ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ كۆپ خىل ژانىرلىرىدىن نەمۇنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەر 1933 ـ يىلى بېرلىندا نېمىس تىلىدا بېسىلغان. ئۇنىڭدا تۈرپان ۋە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرى، ماقال ـ مەسەللىرى، چۆچەك ۋە تېپىشماقلىرى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ن. ف. كاتانوف ئەشۇ دەۋردىكى بىرنەچچە شەرقشۇناسلارغا ئىلمىي باشلامچىلىق قىلدى، بولۇپمۇ ئۇ ن. پانتوسوف توپلىغان بارلىق ماتېرىياللارنى نەشرگە تەييارلاشقا قاتناشتى. ئىلمىي مەسلىھەتلەرنى بەردى، ھەتتا ئايرىم توپلاملارغا كىرىش سۆز ۋە ئىزاھاتلارنى يازدى.

پروفېسسور ن. ف. كاتانوف توپلىغان، تېخى نەشر قىلىنمىغان قولىيازمىلار قازاندا ـ تاتارىستان جۇمھۇرىيىتى ئارخىپخانىسىدا ساقلانماقتا. 1118 بەتلىك بۇ قولىيازمىدا 24 چۆچەك، 12 رىۋايەت، 1408 قوشاق، ناخشا ـ بېيىت، 1000 دىن ئوشۇق ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر جەملەنگەن.

5 ـ س. مالوف (1879 ـ 1957) ۋ. ۋ. رادلوفنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى، س. س. س. ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى. سى. مالوف تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيانى ئۆگىنىش رۇس كومىتېتى تەشكىللىگەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى بىلەن (1909 ـ 1911، 1913 ـ 1915 ـ يىللىرى) شىنجاڭغا ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان رايونلىرىغا بېرىپ، ئۇيغۇر تىلى، يېزىقى ۋە فولكلورىدىن ناھايىتى كۆپ ماتېرىياللارنى توپلىغان ۋە شۇلار ئاساسىدا چوڭ ئىلمىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەرقشۇناسلىق ئىلمىگە زور ھەسسە قوشتى.

8 ـ ئەسىردە يارىتىلغان زور ھەجىملىك بۇددا دىنى كىتابى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئۇيغۇرچە قولىيازمىسىنى دۇنخۇاڭ رايونىدىن (بۇ ئەسەر بەشبالىقتا ياشىغان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئىسىملىك ئۇيغۇر ئالىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، 10 ـ ئەسىردە تەرجىمە قىلىنغان) تېپىپ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئۈچۈن زور ھەسسە قوشتى، شۇنداقلا زور ئەھمىيەتلىك ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى. س. مالوف گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا بىر يىلدىن كۆپرەك ياشاپ، ئۇلارنىڭ جانلىق تىلىنى ئۆگەندى ۋە ئۇنى ئىلىم ـ پەن دۇنياسىغا بىرىنچى بولۇپ تونۇشتۇردى. بۇ جەھەتتىن ئۇ تۈزگەن «سېرىق ئۇيغۇرلار تىلىنىڭ لۇغىتى» ئەسىرى زور بۆسۈش بولدى. مالوف بۇ لۇغەتنى تۈزۈشكە ئاساسەن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا تايانغان.

ئۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، تىل ـ ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ فولكلورى ئۈستىدە تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. س. مالوفنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى شەرقشۇناسلىق ئىلمىدە يېڭى بىر سەھنە ئاچتى. ئۇ «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇزى ئون مىڭدىن

ئاشىدۇ، ئۇلار تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى يېگانە خەلقتۇر. مىڭ يىلدىن بۇيان ئولتۇراقلاشقان هالدا ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. هازىر ئۇلار خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدۇ. پەقەت مىللىي بايراملاردىلا ئانا تىلى — ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدۇ» دەپ يازغان ئىدى.

مالوف ئۇيغۇرشۇناسلىقتا دائىر چوڭ - كىچىك 60 تىن ئارتۇق ئەسەرنىڭ ئاپتورىدۇر. ئۇ يازغان ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر فولكلورى ئۈستىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت: «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ هېكايە - چۆچەكلىرى» (1912)، «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ هېكايە - ناخشا، ماقالە ۋە تېپىشماقلىرى» (1914)، «شىنجاڭ ئۇيغۇر شېۋىلىرى هەققىدە ماتېرىيال» (1934)، «ئۇيغۇر تىلى» (1954)، «لوپنۇر تىلى» (1956)، «سېرىق ئۇيغۇرلار تىلى» (1957). «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋىلىرى» (1961) قاتارلىقلار ...

مالوف «سېرىق ئۇيغۇرلاردا شامانىزم قالدۇقلىرى» (1912)، «قەدىمكى تۈركىي يېزىقلارنىڭ يادىكارلىقلىرى» (1951)، «تۈركلەرنىڭ يېنسەي يېزىقلىرى» (1952) قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە، ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقىنىڭ لېكسىكىلىق، گىراماتىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق ئالاهىدىلىكلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

مالوف فولكلور ماتېرىياللىرىنى دېهقانلار، خوتۇن - قىزلار ئاغزىدىنمۇ دۇتار بىلەن كۈيلىتىپ يېزىۋالغان ۋە بەزىلىرىنىڭ كۈيلىرىنى نوتىغا ئالغان. ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىدىن فولكلور ماتېرىياللىرىنى يېزىۋېلىشتا، ئۇ ئەلۋەتتە كۆپ قىيىنچىلىقلار ۋە ئاۋارىچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. چۈنكى ئاشۇ ۋاقىتلاردا بۇ ئۆلكىدە دىنىي قائىدىلەر ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر ناهايىتى كۈچلۈك ئىدى. دەۋر ئۇنىڭدىنمۇ زۇلۇمكار ئىدى. ئۇيغۇر دىيارى قەدىمىي شان - شۆهرىتىدىن ئايرىلغان، مەنچىڭ باسقۇنچىلىرى يۇرتنى تالان - تاراج قىلغان، مىڭلاپ كىشىلەر دەهرىلىكتە ئەيىبلىنىپ، تۈرمىلەرگە تاشلانغان، جادۇلارغا بېسىلغان قانلىق دەۋر ئىدى. شۇنداق مۇدهىش شارائىتتا ئىلمىي ئىزدىنىش، خەلق ئىدراكلىرىنى قەلەمگە ئېلىش غايەت خۇشاللىنارلىق هادىسە ئىدى.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، چۆچەكلىرى، ناخشىچىلىرى، سازەندىلىرى، هاپىزلىرىنىڭ دۇنياغا تونۇلىشىدا، باي ئۇيغۇر فولكلورىنى توپلاش ۋە نەشر قىلدۇرۇشتا س. مالوفنىڭ خىزمىتى ناهايىتى زوردۇر.

6 - س. ف. ئولدېنبورگ (1934 - 1863). س. ف. ئولدېنبورگ قەدىمىي ئاسارە - ئەتىقىلەرنى، قولىيازمىلارنى، ۋەسىقىلەرنى (قازىخانا هۆججەتلىرى) ۋە تەسۋىرىي سەنئەتكە دائىر ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش مەقسىتىدە ئىككى قېتىم (1910 - 1909)، (1915 - 1914) شىنجاڭغا ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى بىلەن كەلگەن. بۇ دەۋرلەردە ئۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەرنى يېزىۋالغان، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى توپلىغان ۋە توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ لەقەملىرى» «كۇچادىكى پىرىخونلار، داخانلار هەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

7 - ۋ. ۋ. بارتولد (1930 - 1869). ئۇيغۇر فولكلور ئەسەرلىرىنى توپلاپ تەرتىپكە سېلىشتا، ئاكادېمىك بارتولدمۇ بىرمۇنچە ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلدى. بۇ ساهەدە

ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ موغۇللارغا تەسىرى مەسىلىسىگە دائىر» ناملىق ئەسىرى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەردە ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر فولكلورىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى كەڭ شەرھلىگەن «ئۇيغۇرلار ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ھەققىدە خېلى قىممەتلىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

8 - ن. م. پرژېۋالسكى (1839 - 1888). پرژېۋالسكى 1876 - 1877، 1879 - 1880 ۋە 1883 - يىللىرى ئۈچ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، گۇچۇڭ، قۇمۇل، كورلا، چاقىلىق، چەرچەن، نىيە، قەشقەر، كېرىيە، خوتەن قاتارلىقلاردا ۋە قۇمۇل ئارقىلىق گەنسۇ قاتارلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ساياھەت قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيەسى، يازما ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىدىن نەمۇنىلەرنى يىغىپ توپلىدى. بولۇپمۇ ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك كۈيچىسى، مىللىي قەھرىمان قىزى نۇزۇگۇم نامىغا كۈيلەنگەن داستاندىن پارچىلارنى ۋە بىرقانچىلىغان چۆچەكلەرنى يېزىۋالغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى رۇسىيەدە رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان.

9- ئا. ن. بېرنشتام. ئۇيغۇر تارىخى، تىل - يېزىقى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى توپلاپ نەشر قىلدۇرۇشتا بېرنشتامنىڭ مېھنىتىمۇ ناھايىتى چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. «ئۇيغۇر قولىيازمىلىرىدا رۇنا خەتلىرى» «شىنجاڭ تارىخىنىڭ مەسىلىلىرى»، «يەتتىسۇدا ئۇيغۇر ئېپىگرافىكىسى» دەك ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە پىكىرلەرنى بايان قىلىدۇ ۋە بەزى فولكلور ژانىرلىرىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ.

10- گى. گرۇم - گوجىمايلو (1860 - 1936). بۇ مەشھۇر سەيياھ 1889 - 1890 - يىللىرى مەخسۇس ئېكسپېدىتسىيە بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. نۇرغۇنلىغان فولكلور ئەسەرلىرىنى توپلاپ قايتقان. ئۇنىڭ «قۇمۇل - تۇرپان شېۋىلىرىنىڭ لۇغىتى» ناملىق ئەسىرى ۋە «غەربىي جۇڭگوغا قىلىنغان ساياھەتلەر تارىخى» ناملىق ئۈچ توملۇق ساياھەت خاتىرىلىرىدە، ئۇيغۇر خەلق ناخشا - قوشاقلىرى، ماقال - تەمسىللىرى، بېيىتلىرى، لەپەرلىرى، تېپىشماق ۋە رىۋايەتلىرىدىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن. ئۇ تارىخىي يادىكارلىقلار ماكانى بولغان تۇرپانغا بارغاندا «يۈسۈپ - زۇلەيخا» داستانىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىنى تېپىپ، رۇسىيىگە قايتقاندىن كېيىن ئايرىم پارچىلىرىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ باستۇرغان.

11 -غ. ئا. كلېمېنس (1848 - 1914). «ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيانى ئۆگىنىش كومىتېتى» نىڭ ئاساسىي تەشكىللاتچىسى، شەرقشۇناس كلېمېنس 1898 - يىلى غۇلجا ئارقىلىق تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا رەپىقىسى تەرجىمان سۈپىتىدە خېلى كۆپ ياردەم قىلىدۇ. ئۇ كۆپلىگەن قولىيازمىلار، ئېتنوگرافىك مەلۇماتلار ۋە فولكلور ئەسەرلىرىنى توپلايدۇ ۋە شۇ ئەسەرلەر ئاساسىدا بىر نەچچە ئىلمىي تەتقىقى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ.

12 - م. ۋ. پېۋسوف (1843 - 1902). ئۇنىڭ ئېتنوگرافىك ۋە فولكلور مەلۇماتلىرى زور قىزىقىش بىلەن ئۆگىنىلگەن ئىدى. ئۇ ئەسەرلىرىدە قەشقەر خەلقلىرى ھاياتىنى زور قىزىقىش بىلەن مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «قەشقەرلىكلەر مۇزىكا، ئېيتىشىش ۋە ئويۇنلارنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ مۇشەققەتلىك ھاياتلىرىنى مۇزىكا ۋە ئېيتىشىش-

لاردا يارقىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ‹ئالتۇنجان›، ‹نوزۇگۇم› قوشاقلىرى يېقىملىق كۈيى ۋە مەزمۇندارلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ».

13 ـ م. ئى. ئاندىرىئېۋ. شەرقشۇناس ئاندىرىئېۋ 1898 ـ 1895 ـ يىللىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ساياھەتكە بارغان. ئۇ 1897 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە خەلق سازەندىلىرى، قوشاقچىلىرى، غەزەلخانلىرىدىن كۆپلىگەن فولكلور ئەسەرلىرىنى يېزىۋالغان. ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ 13 ناخشا ۋە سەنەم 1920 ـ يىلى ئەدەبىي تەرجىمان ف. ئافالېۋ تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

14 ـ ق. ق. يۇداخىن. بۇ سەيياھ 1914 ـ يىلدىن 1920 ـ يىلغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچار، قاراشەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، ماناس، شىخو، چۆچەك ۋە غۇلجىلارغا بارغان. ئالىمنىڭ تۈركىي تىللار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشلىرىدا شىنجاڭدا توپلىغان ۋە ئۆگەنگەن ماتېرىياللىرى زور ياردەم كۆرسەتكەن. ئۇ 1948 ـ يىلى موسكۋادا ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى ئۈچۈن «ئۇيغۇر تىلى خرىستوماتىيىسى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇردى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىي ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بۇ خرىستوماتىيە سوۋېت ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە كۆپ يىللارغىچە ئوقۇتۇش قوللانمىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

مانا شۇ يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرشۇناس ئالىملاردىن يەنە ئا. م. شېرباك، ب. دىنىنكى، ئا. ن. نىئاللو، ۋە. گ. لاستوچكىن، ۋ. ئا. ئوبرۇچېف، ۋ. م. ناسىلوف، ن. ئا. باسكاكوف، ئا. ق. بوروۋكوف، د. پوزىدىنىنفلارمۇ ئۇيغۇر فولكلورى ئەسەرلىرىنى بىۋاسىتە ئۆگەنگەن ۋە ئۇلار ھەققىدە نادىر ئەسەرلەرنى يازغان. شۇ ۋاقىتلاردا يەنە قازاندا نەشر قىلىنغان «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن نەمۇنىلەر ۋە ئۇلار ھەققىدە بىر قاتار ئىجابىي پىكىرلەر، ئەسەرلەر ئۈزۈلدۈرمەي بېسىلىپ تۇرغان. مەزكۇر تەتقىقاتلارغا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر خەتتاتلار، شائىرلار، يازغۇچىلارمۇ قاتناشقان. مەسىلەن، ئۇمىدى، خەتتات شەمسىدىن ۋە شائىر ھاجى يۇسۇپلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

رۇس ئالىملىرىنىڭ، جۈملىدىن رۇس شەرقشۇناسلىرىنىڭ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى، ئېغىز ئەدەبىياتى، فولكلور ئەسەرلىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلىرى ۋە شۇلار ئاساسىدا ياراتقان ئەسەرلىرى كېيىنچە سوۋېت ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، جۈملىدىن 60 ـ 50 ـ يىللاردا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت زىيالىيلىرىغىمۇ ناھايىتى زور ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

— «ئۇيغۇر خەلق لىرىك شېئىرىيىتى» (ئۆزبېكچە) ناملىق كىتابتىن تەييارلىغۇچى: ياسىنجان تۇرسۇن.

(تەييارلىغۇچى: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# لوقمان ھېكىم ھەققىدە ھېكايەتلەر

× ×

لوقمان ھېكىم بىر كۈنى ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ كىرىپ ئۇنىڭغا سەككىز تۈرلۈك ئەقىل ئۆگىتىپتۇ:

— بىرىنچى، ئەخلاقلىق بولۇپ، خەلققە سادىقلىق بۇرچۇڭنى ئادا قىل؛ ئىككىنچى، كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلىغىنىكى، يامان ئىشتىن توس؛ ئۈچىنچى، ھاياتىڭدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەر؛ تۆتىنچى، بىرسى نامۇۋاپىق ئىش قىلسا، كەچۈرۈمچان بول؛ بەشىنچى، باشقىلارغا قىلغان مۇئامىلەڭدە ھەممىگە باراۋەر بول؛ ئالتىنچى، دۇنيادا ئابرۇي - ئاتاق ئۈچۈن ياشىما؛ يەتتىنچى، سالماق بول؛ سەككىزىنچى، سۆزلىگەندە سىلىق - سىپايە بول، ھودۇقۇپ كەتمە.

ئوغلۇم سېنىڭ ھەر دائىم مۇشۇ سەككىز تۈرلۈك ئىشنى ئەمەلىيىتىڭدە ئۈلگە قىلىشىڭنى ھەم ھەرقانداق ئىنساننىڭ بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ.

لوقمان ھېكىم يەنە بىر كۈنى ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ ئېغىز ھېكمەت بىلەن نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

بىرىنچى، ئالغان ئايالىڭ ئۆزۈڭدىن ئارتۇق بولمىسۇن، ھەر ھالدا ئايالىڭدا بىر يېتىشسىزلىك بولسۇن؛ ئىككىنچى، ھەپتىسىگە بىر ئايال ئال؛ ئۈچىنچى، ئايالىڭغا سىرىڭنى ئېيتقۇچى بولما.

لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ بۇ ئۈچ كەلىمە ھېكمىتىنى چۈشىنەلمەي ئاتىسىدىن سوراۋېرىپتۇ. لوقمان ھېكىم ئوغلىغا بۇ ئۈچ كەلىمە ھېكمەتنى يېشىپ بېرىپتۇ:

— ئوغلۇم، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ تۇرغىن. بىرىنچى، ئالغان ئايالىڭ ئۆزۈڭدىن ئارتۇق بولمىسۇن، ھەر ھالدا ئۇنىڭدا بىر يېتىشسىزلىك بولسۇن، دېگىنىم ئايالىڭ سەندىن يۇقىرى بولسا سېنى ياقتۇرمايدۇ، ھەر ئىشىڭدىن قۇسۇر تېپىپ سېنىڭدىن چانىدۇ - دە، ئازىدۇ. ئاخىرى مۇھەببىتىڭ ياراشماي ئائىلەڭدە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ ياكى بولمىسا ھاياتىڭ خورلۇقتا ئۆتىدۇ. ئەگەر ئايالىڭ ئۆزۈڭدىن تۆۋەنرەك سەۋىيىدە بولسا، يامان خىيالدىن يىراق بولىدۇ - دە، ساڭا سادىق بولۇپ ئىناق، ئىجىل تۇرمۇش كەچۈرىسەن، تۇرمۇشۇڭ كۆڭۈللۈك بولۇپ، بەختلىك ياشايسەن.

ئىككىنچىسى، ھەپتىسىگە بىر ئايال ئال، دېگىنىم شۇكى، ھەپتىسىگە بىر قېتىم ئايالىڭ يېنىدا بول دېگىنىم. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا ئەرنىڭ ئىشى ھەمىشە تالادا بولىدۇ. شۇڭا ھەپتىسىگە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئايالىڭ يېنىدا بولغىنىڭ تۈزۈك. ھەمىشەم ئۆيدە بولساڭ ھەر ئىشتىن قول ئۈزۈپ ئۆي كۈچۈكى بولۇپ قالىسەن. ئەر كىشى ئۈچۈن ئىشسىز، بىكار ئولتۇرۇش — ئايال ئالدىدا بەكمۇ نومۇس، ھەپتىسىگە بىر ئايال ئېلىشنىڭ پايدىسى بار. كۈندىلىك ئۇرۇش - جېدەلدىن نېرى بولىسەن، مۇھەببىتىڭ سوۋۇمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئايالىڭغا سىرىڭنى ئېيتقۇچى بولما، دېگىنىم بولسا، ئايال خەق يېنىك مىجەز كېلىدۇ، ئاچچىقى كەلسە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ، ئىچىدە سۆز ياتمايدۇ، ئايالىڭ بىلەن ھەمىشەم ئىناق - ئىجىل ئۆتىمەن، دەپ جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ سەندىن رەنجىپ قالسا، سېنىڭ ياخشىلىقلىرىڭ بىر تەرەپكە قايرىلىپ قېلىپ، سېنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىڭنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئادەم بار - يوق دېمەيلا يۈزۈڭگە سېلىپ سېنى رەسۋا قىلىپ قويىدۇ.

لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئۈچىنچى نەسىھىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر ئاخشىمى بىر ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ مۈڭگۈزىنى كېسىۋېتىپ ئۇنى بىر تاغارغا قاچىلاپ كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۆز ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئۆينىڭ كەينىدە گۈپۈلدىگەن ئاۋاز ئايالىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپتۇ - دە، «نېمە ئىشتۇ، بىرەر ئوغرى ئۆينىڭ كەينىدىن تۆشۈك ئېچىپ ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرمەكچى ئوخشىمامدۇ» دەپ بىر دانە توقماقنى كۆتۈرۈپ چىقىشىغا ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ ئۆيگە مېڭىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «ۋاي سىزمۇ؟ نېمە ئىش بولدى نېمانچە يوق بولۇپ كېتىسىز، دەپ بېقىڭا، سىزگە نېمە بولدى، ئەلپازىڭىز باشقىچىلىغۇ؟» — دەپتۇ ئېرى:

— بايا بىرسى بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم، ئۇ مېنى تىللاۋەرگەن ئىدى، ئاچچىقىمغا پايلىماي بىر مۇش ئاتسام قولۇم گۇرەن تومۇرىغا قاتتىق تېگىپ كەتتى بولغاي، قارىسام تىنىقى توختاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بىرەرسى كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپ مۇشۇ ئۆينىڭ كەينىگە كۆمۈپ تاشلىدىم. يوشۇرغىنىم شۇ، خوتۇن. سەن ھېچكىمگىمۇ تىنما، مەن بىلەي، سەن بىل. ئەگەر يەڭگىللىك قىلىپ باشقىلارغا دەپ قويساڭ، مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ، سەنمۇ مېنىڭدىن ئايرىلىپ بالىلار بىلەن يېتىمسىراپ قالمىغىن، — دەپتۇ ئايالىغا. بۇنىڭغا ئايالى ماقۇل بولۇپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلى بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا ئايالىنى خاپا قىلىپ قويۇپ، ئارىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپتۇ. بۇ ئايالىغا ھار كەپتۇ. ئاخىرى ئايالى ئېرىگە:

— سىز يېقىندىلا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ھەم ئۇنى باشقىلار كۆرمىسۇن، دەپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا كۆمۈپ قويغان ئىدىڭىز. سىز مېنى بۇنچىۋالا تېرىكتۈرىدىغان بولسىڭىز، مەھكىمەئىي شەرئىيگە بېرىپ، قازى ئاخۇنغا قاتىللىقىڭىزنى ئاشكارىلايمەن، — دەپلا ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇللا قازىخانىغا بېرىپتۇ - دە، ئەھۋالنى قازىغا مەلۇم قىپتۇ:

— مېنىڭ ئېرىم يېقىندىلا بىر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىغا كۆمۈپ قويدى. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھازىر ئېرىم مېنى كۈندە خاپا قىلىپ مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى. سىلى مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسىلە، ماڭا ئادەم قوشۇپ قويسىلا، مەن ئېرىم ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەمنىڭ نەگە كۆمۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دەپ قازىغا يالۋۇرۇپتۇ.

قازى دەرھاللا بىر ئادەمنى ئۇ ئايالغا قوشۇپ قويۇپ جەسەتنى دەرھال ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

يەر كولىنىپ تاغاردىكى جەسەت قازىنىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ. قازى تاغارنىڭ ئاغزىنى دەرھال ئاچقۇزۇپ، ئىچىگە قارىسا بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈكى بولماستىن، بەلكى بىر ئۆچكىنىڭ

ئۆلۈكى بولۇپ چىقىپتۇ. قازى بۇ نېمە ئىش؟ بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ كېلىنى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا تاياقتەك قېتىپلا قاپتۇ.

قازى لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ ئەھۋالنى سورىغان ئىكەن، ئۇ قازىغا:

— مەن ئاتامنىڭ نەسىھىتىنى سىناپ بېقىش نىيىتىدە، ئايالىمنى مۇشۇنداق سىناپ باققان ئىدىم، — دەپتۇ. قازىمۇ ئۇنىڭغا قايىل بوپتۇ.

× ×

بىر كۈنى لوقمان ھېكىمنىڭ يېنىغا بىر يىگىت ئەقىل سوراپ كىرىپتۇ. لوقمان ھېكىم كىچىك پېئىللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئۈچ خىل ئەقىل ئۆگىتىپتۇ:

— بىرىنچى، مىڭنىڭ رەڭگىنى بىلگىچە بىرىنىڭ ئىسمىنى بىل؛ ئىككىنچى، مېھمانغا بارغاندا تۆردە ئولتۇرۇپ قالساڭ، كېيىن كەلگەن مېھمانغا ئولتۇرغان ئورنۇڭنى بەرمە؛ ئۈچىنچى، يېنىڭدا ئولتۇرغان كىشىگە پىچىقىڭنى ھەرگىز بەرمە.

بىر كۈنى لوقمان ھېكىم ئەقىل سورىغان ياشنى چاقىرىپ، ئۆزى ئۆگەتكەن ئەقىلنى شۇ يىگىتتىن نەق مەيداندا سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. لوقمان ھېكىم ھېلىقى يىگىتكە:

— مەن بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا باراي دەۋاتىمەن، بىللە بارغىن، — دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. لوقمان ھېكىم ھېلىقى يىگىتكە:

— بىز مېھمان بولىدىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە يېقىن قالغاندا سەن ئالدىنئالا بېرىپ خەۋىرىمنى يەتكۈزۈپ، ئۆي ئىگىسىدىن سۆيۈنچە سورا، كۆپ پۇل ھەم ئابرۇي تاپىسەن، — دەپتۇ. بۇ يىگىت لوقمان ھېكىمنىڭ ئىسمىنى سورىۋالمىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى زادىلا بىلمەيدىكەن. شۇڭا بارىدىغان ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپلا:

— دوستلىرى كېلىۋاتىدۇ، — دەپ سۆيۈنچە ئالماقچى بوپتۇ. لوقمان ھېكىم بارماقچى بولغان ئۆي بىر پادىشاھنىڭ ئۆيى ئىكەن. پادىشاھ ھېلىقى يىگىتكە:

— ھەي بالا، مېنىڭ دوستلىرىم بەكمۇ كۆپ، كېلىۋاتقان مېھمان كىم؟ ئىسمى نېمە؟ — دەپتۇ. بالا بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۆز ئادەملىرىدىن بىرىنى ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ ئادەم لوقمان ھېكىم ئىكەنلىكىنى پادىشاھقا تېزلا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدا سۆيۈنچە مانا، دوستۇمنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ كەلگەن ئادەمگە مەنسۇپ، دەپ ھېلىقى كىشىگە كۆپ سۆيۈنچە ئىنئام قىپتۇ. ھېلىقى يىگىت سۆيۈنچىدىن قۇرۇق قاپتۇ. بۇ يىگىت شۇنداق قىلىپ بىرىنچى سىناقتىن ئۆتەلمەپتۇ.

پادىشاھ لوقمان ھېكىمنىڭ دوستلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ، ھېلىقى يىگىتمۇ تۆردىن ئورۇن ئاپتۇ. يىراق - يېقىندىكى مۆتىۋەرلەر لوقمان ھېكىمنىڭ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ئۆيىگە كەينى - كەينىدىن كېلىشكە باشلاپتۇ. ھېلىقى يىگىت مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ سالاپىتىدىن، سالاھىيىتىدىن قورۇندى بولغاي، كىرگەنلەرگە تۆردىكى ئورنىنى بوشىتا - بوشىتا پەگاھقا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆگەتكەن ئىككىنچى نەسىھىتى ئىدى. بۇ يىگىت ئىككىنچى نەسىھەت-

كىمۇ ئەمەل قىلالماپتۇ. مېھمانلارغا كاتتا داستىخان سېلىنىپ، گۆش - قېزا، پولو - مانتا، قورداق - كاۋاپ قاتارلىق نازۇ - نېمەتلەر كەلتۈرۈلۈپتۇ. داستىخاندا ئولتۇرغانلاردىن بىرسى تونۇر كاۋىپىنى يېمەكچى بولۇپ گۆشكە تەمشەلگەندە قولىدا پىچاق يوق بولۇپ يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتكە قارىغان ئىكەن. بۇ بالا يېنىدىكى پىچىقىنى غىلاپتىن چىقىرىپلا ھېلىقى كىشىگە ئىككى قوللاپ تەڭلەپتۇ. بۇ كىشى بىر بالىغا، بىر پىچاققا قارىغىنىچە پىچاقنى ئېلىپ گۆشنى كېسىپ ھوزۇرلىنىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە داستىخاندىكى ياخشى تاماقلار قۇرۇغدىلىپ قاپتۇ.

ھېلىقى يىگىت سېپى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن پىچىقىنى تېزرەك ئېلىۋېلىش كويىدا بولغان بولسىمۇ، بىراق پىچاق ئىگىسىگە ۋاقتىدا قايتىمىغاچقا، يىگىت پىچاق بەرگەن مېھماندىن پىچىقىنى قايتۇرۇپ ئېلىش قارارىغا كېلىپ، پىچىقىمنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا-لا، دېيىشىگە، پىچاق ئالغان كىشى:

— بۇ پىچاق راست سېنىڭمۇ؟ — دەپ ئۈچ قېتىم ياندۇرۇپ سوراپتۇ. يىگىت ئۈچ قېتىم مېنىڭ، دەپ سۆزىنى تەكرارلاپتۇ مەغرۇرانە.

پىچاقنى ئالغان ئادەم تۆردە ئولتۇرغانلارغا:

— ھۆرمەتلىك مۆتىۋەرلىرىم، قولۇمدىكى مۇنۇ ئالتۇن ساپلىق پىچاق بولسا ئاتامنىڭ پىچىقى ئىدى، بىرسى ئاتامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ پىچىقىنى ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. مەن ھازىرغىچە ئاتامنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، كىمنىڭ بۇ ئېسىل پىچاقنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي يۈرگەن ئىدىم. بۈگۈن مانا مۇشۇ سورۇندا ھەممە ئايان بولدى، مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قانلىق قول جاللات مۇشۇ يىگىت ئىكەن. مەن مەھكىمەئىي شەرئىيگە ئەرز قىلىمەن، — دەپ يىگىتكە ئېسىلىپتۇ. بۇ يىگىت تاساددىپىي يۈز بەرگەن ئىشلاردىن نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن لوقمان ھېكىم يىگىتنى پىنھان يەرگە باشلاپ چىقىپ:

— ھەي نادان يىگىت! مەن ساڭا يېقىندىلا ئۈچ ئىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان ئىدىمغۇ، شۇ ئۆگەتكەن ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنىمۇ يادىڭدا، دىلىڭدا تۇتالماپسەنغۇ؟ مەن «مېڭىنىڭ رەڭگىنى بىلگىچە، بىرنىڭ ئىسمىنى بىل» دېگەنىدىم، لېكىن سەن مېنىڭ ئىسمىمنى بىلەلمەي ياخشى سۆيۈنچىدىن قۇرۇق قالدىڭ. يەنە «تۆردە ئولتۇرساڭ كېيىن كەلگەنلەرگە ئورنۇڭنى بەرمە» دېگەنىدىم، مېنىڭ دېگىنىمنى قىلماي سىلجا - سىلجا ئاخىرى پەگاغا بېرىپ قالدىڭ، شۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتتىن مەھرۇم بولدۇڭ. «يېنىڭدا ئولتۇرغان كىشىگە پىچىقىڭنى بەرمە» دېگەن ئاخىرقى نەسىھىتىمنىمۇ يادىڭدا تۇتماي پىچىقىڭدىن ئايرىلدىڭ. بۇنى ئازدەپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولۇپ قالدىڭ. سەن بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلماقچىسەن؟ — دەپتۇ.

لوقمان ھېكىم ئاخىرىدا يەنە:

— سەنمۇ مەھكىمەئىي شەرئىيگە ئەرز قىل. مەن پىچاقچىنىغا قانداق پىچاق سوقتۇرغانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن، پىچاقنىڭ سېپىدىن تارتىپ تىغىغىچە قانداق نۇسخىدا ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن، دېگىن. ئاخىرى تالىشا - تالىشا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىسىلەر، مەن شۇ چاغدا بۇ دەۋانى ئوبدان ئايرىپ قويىمەن. خاتىرجەم بول. بۇ سېپى ئۆزىدىن ئۈششۈقنى راسا ئەدەپلەپ قوياي، — دەپ ھېلىقى بىچارە يىگىتكە ئىلھام بېرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىككى دەۋاگەر ئاخىرى لوقمان ھەكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەر ئىككىلىسى ئەھۋالىد-رىنى سۆزلەپتۇ.

لوقمان ھېكىم:

— خوش، مەن سىلەرنىڭ دەۋايىڭلارنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان ئىدىم. سىلەردىن پىچاق ھەققىدە سوئال سورايمەن، پىچاق يېنىمغا كەلتۈرۈلسۇن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

لوقمان ھېكىم پىچاقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ھېلىقى پىچاقنى مېنىڭ دېگەن كىشى-دىن:

— پىچاق راستلا سىلىنىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— راست، ئاتامنىڭ.

— ئۇنداق بولسا قانداق دەلىل - ئىسپاتلىرى باركەن، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم.

— مەن ئاتامنىڭ يېنىدا بىر ئالتۇن ساپلىق پىچىقى بارلىقىنى كۆرگەن. ئاتامنىڭ ئۆلۈمىدە بۇ پىچاق يېنىدا يوق. ھازىر راستلا تېپىلدى. ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مۇشۇ پىچاقنى تېپىش ئارقىلىقلا تېپىلدى، بىگىم، — دەپ ھېلىقى يىگىتكە ئالىيىپ قويۇپتۇ.

— ئەمدى سەن سۆزلىگىن يىگىت. ئالدىرىما، تەپسىلىي سۆزلە، — لوقمان ھېكىم يىگىتكە بۇيرۇپتۇ.

يىگىت پىچاق ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. يىگىتنىڭ دېگەنلىرى لوقمان ھېكىمنىڭ پىچاقنى كۆزەتكىنى بويىچە ئوخشاش بولغاچقىمۇ، بۇ يىگىت دۇدۇقلىمايلا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

لوقمان ھېكىم ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك دەۋاگەرلەر! راست گەپمۇ، يالغان گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ. جانمۇ ھەم ئېغىزدىن چىقىدۇ. بۇ پىچاق راستىنلا مۇنۇ يىگىتنىڭ. چۈنكى ئۇ پىچاق توغرىسىدا دەلىل - ئىسپات ئارقىلىق مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. سىلى ئاتامنىڭ پىچىقى، دېگەن ساختا ئىسپاتنى ئويدۇرۇپ چىقىپ بۇ ئالتۇن ساپلىق پىچاققا ئىگە بولۇۋالماقچى. سىلى بەكمۇ ياۋۇز، بەكمۇ قارانىيەت كىشى ئىكەنلا، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم دەرغەزەپتە.

لوقمان ھېكىم ئاخىرىدا كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— يىگىت! پىچاق ھەقىقەتەن سېنىڭ، — دەپ پىچاقنى ئىگىسىگە ساق تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

لوقمان ھېكىمدىن ئەقىل سورىغان يىگىت لوقمان ھېكىمنىڭ ئىشتا ئادىل، پاراسەت-لىك، كىچىك پېئىل ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ، راستچىل، كەمتەر بولۇشقا بەل باغلاپتۇ.

توپلاپ، رەتلىگۈچى: پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى

ئېيتىپ بەرگۈچى: مارالبېشى ناھىيە ئاناركۆل يېزا چوشۇگە كەنتىدىن ياقۇپ ھوشۇر

# تەقدىرنىڭ چاقچىقى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا، ھەزرىتى لوقمان ھېكىم يۇرتتا تېبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپتۇ. ھەزرىتى لوقماننىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىشىك ئالدى چوڭ يولنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە روبىرو كېلىدىكەن. ھەزرىتى لوقماننىڭ خاسىيەتلىك قولى ئاغرىق ئازابىدا قىينىلىپ، ساماندەك سارغايغان، ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان تالاي بىمارلارنىڭ كېسىلىگە شىپالىق ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى گۆر ئاغزىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈشكە، ھاياتتىن بەھرىلىنىشكە نېسىپ قىلىپتۇ. لوقمان بەرگەن دورىلار بىمارلارنىڭ بەدىنىدىكى كېسەللەرنى يىلتىزى بىلەن داۋالىسا، ئۇنىڭ بىمارلارغا قىلغان ھاياتبەخش، ھېكمەتلىك سۆزلىرى دەرتمەنلەرگە روھى ئوزۇق، يۈرىكىدىكى ھەسرەت - نادامەتكە شىپا بولۇپ، ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىشىغا سەۋەب قىپتۇ. ھەزرىتى لوقماننىڭ تېبابەتچىلىكتىكى شۆھرىتى كۆللى ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ. جاھاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، ساقىيىشتىن ئۈمىد قالمىغان ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىمارلار ئارقا ئارقىدىن لوقماننىڭ ئالدىغا كېلىپ داۋالىنىپ، كېسەلدىن تامامەن سەھەت تېپىپ، يۇرتلىرىغا خۇشال قايتىشىپتۇ. ھەزرىتى لوقماننىڭ تېخىمۇ داڭقى چىقىشقا باشلاپتۇ.

ھەزرىتى لوقمان بۈيۈك ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆزىگە كۆرۈنگىلى كەلگەن بىمارغا بىرلا قاراپ، رەڭگى - رۇخسارىغا سەپ سېلىپ كېسەلنى تامامەن بىلىۋالىدىكەن. مەزكۇر بىمارنىڭ ياتقان يېرىگە بىر پارچە قەغەز قىستۇرۇپ ياكى قولىغا بىر پارچە قەغەز تۇتقۇزۇپ قويۇپ ماڭىدىكەن. بۇ قەغەزگە پالانى ئوت - چۆپتىن يېسەڭ، ياكى پوكۈنى دورا - دەرماندىن ئىچسەڭ، كېسىلىڭ تامامەن ساقىيىدۇ، دەپ يېزىلغان بولىدىكەن. ھەرقانداق بىمار لوقمان ئەلەيھىسسالام بۇيرىغان دورىنى ئۆزمەي ئىچسە كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىكەن.

بۇ دىياردا ئۆمرى دەريا بويىدىلا ئۆتكەن بىر بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەخمەت ئىكەن، 7 ئوغلى بار ئىكەن. ئەخمەت بوۋاي 70 ياشلاردىن ھالقىغان كىشى بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇتى باسمايدىغان، قولى تۇتمايدىغان، ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان ئېغىر پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. كۈن ئاينى قوغلىشىپ، يىل يىلنى ھەيدەپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بوۋاينىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. كېسەل ئازابىدا بوۋاي بەك قىينىلىپ كېتىپتۇ. 7 ئوغۇل مەسلىھەتلىشىپ دادىسىنىڭ كېسىلىنى لوقمانغا كۆرسىتىش ئۈچۈن، دادىسىنى نۆۋەت بىلەن كۆتۈرۈپ، ھەزرىتى لوقماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن بىمارلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بىر ھازادىن كېيىن ھەزرىتى لوقمان 7 - 8 شاگىرتىنى باشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەپتۇ - دە، بىر باشتىن كېسەللەرگە قاراپ چىقىپ، ئۇلارغا دورا بۇيرۇپ مېڭىپتۇ. چىۋەر - زىرەك شاگىرتلار لوقماننىڭ دېگەنلىرىنى خەتكە پۈتۈپ، كېسەلنىڭ ياتقان يېرىگە قويۇپ مېڭىپتۇ. لوقمان ھېكىم ئەخمەت بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، چەت ياندا تۇرغان بىر بىمارنى كۆرگىلى ئۆتۈپ كېتىپتۇ. جەمئى بىمارلار كۆرۈلۈپ بولۇپتۇ. پەقەت ئەخمەت بوۋاي بىلەن 7 ئوغلىلا قاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، ئوغۇللارنىڭ چوڭى ھەزرىتى لوقماننىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ئەي لوقمان ھېكىم، دادام ئۇزۇن يىل كېسەللىك ئازابىنى تارتتى، دادامنىڭ كېسىلىنى بىر داۋالاپ قويسىلا ئىكەن، — دەپ يېلىنىپتۇ. ھەزرىتى لوقمان:

www.uyghurkitap.com

— ئەي ئوغۇل داداڭ ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپتۇ، ئۇنىڭ كېسىلىگە: يىلتىزسىز سۇ، ئادەمزات دىدارىنى كۆرمىگەن 40 يىللىق ئادەم باش سۆڭىكى بولسا، باش سۆڭىكى يىلتىزسىز سۇدا تولسا، ئۇ سۇنى ئادەمزات دىدارى كۆرمىگەن 40 يىللىق ئىلان ئىچىپ، ئىچكەن سۇنى شۇ باش سۆڭىككە ياندۇرسا، شۇ سۇنى داداڭلار ئىچسە شىپا بولۇپ كېسىلى پۈتۈنلەي ساقىيىدۇ. بولمىسا ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ سەۋەبىنىڭ ئالىمى، داداڭلارنى قايتۇرۇپ كېتىپ، مەن دېگەن سەۋەبنى قىلىپ كۆرۈڭلار! — دەپ شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇلار نىمە قىلارىنى بىلەلمەي يىغلاپ قاخشاپتۇ. ئاخىرى تەگرىگە تەۋەككۇل قىلىپ دادىسىنى يۈدۈپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دېگەندەك باللار دادىسىنىڭ هاياتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، لوقمان ھېكىم بۇيرىغان نەرسىلەرنى ئىزدەپ، تەرەپ ـ تەرەپكە مېڭىشىپتۇ. ئۇلار ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا چىداپ، تومۇزنىڭ ئىسسىقى، قەھرىتان قىشنىڭ چاياندەك چېقىشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، دادىسىغا شىپا بولىدىغان يىلتىزسىز سۇ، 40 يىللىق باش سۆڭىكى، 40 يىل ئادەم دىدارى كۆرمىگەن ئىلان قۇسۇپ ياندۇرغان سۇنى ئىزدەپ، جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپتۇ. چىقمىغان دۆڭ، چۈشمىگەن ئوي (پەس) قالماپتۇ. بار ئامالنى قىلىپتۇ، كىشىلەرگە يېلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ. ھېلىقى نەرسىلەرنى ئىزدەپ قورقۇنچلۇق ھالڭ ـ يارىلارغىمۇ چىقىپ ـ چۈشۈپتۇ. بىراق ھېچقانداق يەردىن ئۇ نەرسىلەرنى ھەرگىز تاپالماپتۇ. ئەخمەت بوۋاينىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ بىر خىيال كېلىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بوۋاي باللىرىنى قېشىغا چاقىرىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي باللىرىم! پېشانىگە پۈتۈلگەندىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماس. مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن كۆرەر كۈنۈم شۇنچىلىك ئوخشايدۇ. مېنى باقىمىز، كېسىلىنى ساقايتىمىز، دەپ قىيلىنىپ جاپا چېكىپ يۈرمەڭلار! بولدى بەس! سىلەرگە تاپىلايدىغان ۋەسىيىتىم شۇكى: مېنى مۇشۇ پېتىم، پاكىز يۇيۇپ ـ تاراپ كېپەنلەپ، يەرلىككە قويۇپ كېتىپ قېلىڭلار. مەن ئاقىۋەت بارىدىغان ماكانىمدا يېتىپ ئاللاھقا يېلىناي! نەزىرىمنى جامائەتكە ئۇبدان قىلىپ بېرىڭلار! مەن سىلەردىن ئىككىلا ئالەم رازى بولۇپ كېتەي، — دەپ يىغلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

باللىرىنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ، ھۆركىرىشىپ يىغلاپ ھازا ئېچىپتۇ. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، دادىسىدىن رازىلىق ئېلىپ، دادىسىنى يۇيۇپ تاراپ كېپەنلەپ، قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ياتقان بىر لەھەتكە ئەپكىرىپ قويۇپ يېنىپ چىقىشىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئاكا ـ ئىنىلىرىغا لەھەتنىڭ ئاغزىنى ئەتمەي، دادامنىڭ ھالىنى كۆزىتەيلى، دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار دادىسىغا قىيماي ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

بوۋاي بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپتۇ، كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ قاپ ـ قاراڭغۇ گۆر ئىچىدە ياتقانلىقىنى بىلىپتۇ. بوۋاينىڭ پۈتۈن بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كېتىپتۇ ھەم قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا تالادا چاقماق چېقىپ يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كېتىپتۇ. ئەخمەت بوۋاي بەدىنىنى سۆرەپ يۆمۈلاپ گۆرنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ كەپتۇ. بېشىنى تالاغا چىقىرىپتۇ. يامغۇردىن بىر تامچا ئېغىزىغا چۈشۈپتۇ. بوۋاي ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، قانداق قىلىپ بولسۇن، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سۆرۈلۈپ يۆمۈلاپ تالاغا چىقىۋاپتۇ. يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتقاچقا، زېمىن چىلىق ـ چىلىق لاي بولۇپ كەتكەن ئىكەن، لېكىن سۇ يىغىلغان يەر يوق ئىكەن. بوۋاينىڭ ئۇدۇلىدىكى يېقىنلا يەردە بىر ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى تاۋاقتەك ئاسمانغا قاراپ ياتقان ئىكەن.

ئەخمەت بوۋاي شۇ باش سۆڭەككە يىغىلىپ قالغان سۇنى ئىچەي، دەپ شۇ تەرەپكە سىلجىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ياندىكى قەبرىدىن توقماقتەك بىر قارا ئىلان سويلاپ چىقىپ، باش سۆڭىكىدىكى يىغىلغان سۇنى بىرلا دەم تارتىپ ئىچىۋېتىپ، ئارقىدىنلا يەنە باش سۆڭەككە

سۇنى فارقىرىتىپ ياندۇرۇۋېتىپ كۆشۈلداپ بىر تۆشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. ئەخمەت بوۋاي «ئىلاھىي تەقدىر ماڭا مۇشۇ كۈننى ئورۇنلاشتۇرغان ئوخشايدۇ. نېمە بولسا بولسۇن ئىلاننىڭ زەھىرىنى ئىچىۋېلىپلا ئۆلەي» دەپ ئويلاپ، ئۆمۈلەپ بېرىپ كاللىدىكى ئىلاننىڭ زەھىرىنى قانغۇدەك ئىچىپتۇ - دە، تەشنالىقى قېنىپ، مىڭ جاپا بىلەن گۆر ئىچىگە ئۆمىلەپ چۈشۈپ يېتىۋاپتۇ. بوۋاي ئەزرائىلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىپ، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئېتىپتۇ. بوۋاي ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچسا، گۆر ئىچىدە ياتقىدەك. پۈتۈن بەدىنى يەڭگىل، تەمەنلىشىپ كۈچكە تولۇپتۇ، پۇت - قوللىرى ساپ - ساق تۇرغىدەك، كۆزى ياشىرىپ قالغانمىش. بوۋاي بۇ نېمە ئالامەتتۇ؟ دەپ ھەيران بولۇپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سىرتقا چىقىپتۇ. تۆت تەرەپكە نەزەر تاشلاپتۇ. ئوغۇللارنىڭ كىچىكى دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى نېچۈك بولغاندۇ؟ بېرىپ كېلەي، دەپ تۇپراق بېشىغا كەپتۇ. كەنجى ئوغۇل دادىسىنىڭ ساپ - ساق ھەم ياش تۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قېتىپ قاپتۇ. دادىسى كەنجى ئوغلىنى كۆرۈپ ئاكىلىرىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. تۇپراق بېشىغا ھەممەيلەن جەم بولۇشۇپتۇ - دە، ھەيران بولۇپ دادىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ مۇنداق دېيىشىپتۇ:

— لوقمان دېگەن ساختىپەز تېۋىپ ئىكەن. دادامنى ساقىيالمايدۇ دېگەنتى. دادىمىز ساقىيىپ قاپتىغۇ؟ بىز ئۇنى تېپىپ تازا رەسۋا قىلىپ، يالغانچىلىقىنى خەلقئالەمگە ئاشكارلايلى، — دەپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. دادىسىنى باشلاپ ھەزرىتى لوقمان ھېكىمنى ئىزدەپ مېڭىشىپتۇ. ئۇلار دادىسىنى لوقماننىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ھەزرىتى لوقماننىڭ ئالدىغا كىرىشىپتۇ ۋە ھەممىسى بىردەك:

— ئەي لوقمان ھېكىم! سەن ئۇلۇغ ھۆكۈما تۇرۇپ، بىزنى ئەخمەق قىلىپسەن، سەن يالغانچى ئىكەنسەن. دادامنى ساقايمايدۇ، ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ داۋالىيالمىغانتىڭ، مانا دادىمىز ساقىيىپ كەتتىغۇ! — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

ھەزرىتى لوقمان ھېكىم دەپتۇكى:

— ئەي ئوغۇللار، سەبرى قىلىڭلار. مەن سىلەرگە، داداڭلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن يىلتىزسىز سۇ بولسا، ئادەمزات دىدارىنى كۆرمىگەن 40 يىللىق باش سۆڭىكى بولسا، ئۇ باش سۆڭەك يىلتىزسىز سۇدا تولسا، ئۇ سۇنى ئادەمزاتنى 40 يىل كۆرمىگەن ئىلان ئىچسە ۋە شۇ كاللىغا ياندۇرسا، ئاندىن شۇ سۇنى داداڭلار ئىچسە كېسىلى پۈتۈنلەي ساقىيىدۇ، بولمىسا ئۆلىدۇ. سىلەر سەۋەبىنى قىلىپ كۆرۈڭلار، دېمىگەنمىدىم. سىلەر شۇنداق قىلالامتىڭلار؟ — دەپتۇ. ئوغۇللار زۇۋان سۈرەلمەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان ئەخمەت بوۋاي توۋا قىلدىم، دەپ يۈگۈرەپ كىرىپ قار - يامغۇر ياش تۆكۈپ، لوقمان ھېكىمنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ:

— ئەي ھېكىم، سەن دېگەندەكلا ئىش بولدى. مەن قەبرىستانلىقتا باش سۆڭەككە ئىلان ياندۇرۇپ قويغان سۇنى ئىچكەن ئىدىم. مانا سەھەت تاپتىم، — دەپ قەبرىستانلىقتىكى كەچمىشلىرىنى لوقمان ھېكىمگە ھەم توپلىشىپ تۇرغان جامائەتكە بايان قىلىپ بېرىپتۇ. پۈتكۈل جامائەت بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قېلىشىپتۇ. ئوغۇللار ئەتراپتىكى خالايىققا قاراپ:

— تەقدىرنىڭ بۇيرۇقى ئاجايىپ ئىكەن، — ھەزرىتى لوقمان ھەقىقەتەن خىسلەتلىك، كاتتا، دانىشمەن ھېكىم ئىكەن، — دەپ ئاتا - بالا ھەممىسى ھەزرىتى لوقمانغا تازىم بىجا كەلتۈرۈپتۇ. شۇندىن تارتىپ لوقمان ھەكىمنىڭ شۆھرىتى كۆللى جاھانغا تارقىلىپ، نامى دەۋردىن دەۋرگە داۋاملىشىپتۇ.

توپلاپ، رەتلىگۈچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتىدىن — توختى ئوبۇلقاسىم

ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە بۇلاقسۇ يېزىسىدىن - ھوشۇرخان موللاق

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

# زۇلمەت ئىچىدە نۇر[1]

(ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدە قىسسە)

مىركەرىم ئاسىم

## پالۋاننىڭ نامىغا چۈشكەن داغ

سۇلتان ھۈسەيىن زامانىدا پالۋان مۇھەممەدنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، نىئمەتئابادتا ئۆزىگە مەيدان ياساتقانىدى. ئۇ ياش يىگىتلەرنى چېنىقىشقا جەلپ قىلدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئەدەبىيات ۋە سەنئەتكە قىزىقاتتى، بەزىلىرى شېئىر يازاتتى. بىراق شۇنداق ئابرۇيلۇق ئالىم ۋە پازىل پالۋان مۇھەممەد بۇرۇنقى قىزىقچىلىقى ۋە ياشلارغا خاس شوخلۇقىنى تاشلىمىدى. ئۇنىڭ بەزىبىر چاكىنا قىلىقلىرى نەۋائىينى ھەيران قالدۇراتتى. بۇ مىجەزىنى بىر كۈنى پۈتۈن پايتەخت ئالدىدا شەرمەندە قىلدى.

سۇلتان ھۈسەيىن «باغى جاھانئارا» دا زىياپەت بېرىۋاتقانىدى. شەربەت تولدۇرۇلغان مەرمەر كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى سۇپىلاردا ئەمەلدارلار، بەگلەر، ئالىملار، شائىرلار، سازەندىلەر ئولتۇرۇشاتتى، باغنىڭ ئۇ يەر ــ بۇ يېرىگە مەشئەللەر يېقىلغانىدى. سۇپىلارنىڭ ئۈستىدىكى قەندىللەر نۇر چېچىپ تۇراتتى، باغ كۈندۈزدەك يورۇق ئىدى.

كۈز پەسلى بولسىمۇ خېلى ئىسسىق، ئۇسساپ كەلگەن مېھمانلارغا ياشلار جانان پىيالىلاردا كۆلدىن شەربەت ئېلىپ بېرىپ تۇرۇشاتتى.

سۇلتاننىڭ ئۆزى ئالاھىدە سۇپا ئۈستىگە قۇرۇلغان يىپەك چېدىردا، زەرباپ كۆرپە ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۈچىسىدىكى كۆك شايى چاپىنى، مىسقالى سەللىسىدىكى گۆھەرلەر قەندىل يورۇقىدا كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى.

سول تەرىپىدە كەمزۇل كىيگەن بەگلەر، ئوڭ تەرىپىدە سەللە ــ چاپانلىق ئەمەلدارلار، مولللار ... پالۋان مۇھەممەد پەگادىراق ئولتۇرۇپ، شەيخۇلئىسلام بىلەن قازى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىگە قۇلاق سالاتتى.

تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ، دەرىجىسىگە قاراپ كۆتكۈچىلەر كۆرسەتكەن ئورۇنغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، باقاۋۇللار كۈمۈش تاۋاقلاردا قورداق، قىرغاۋۇل، غاز كاۋىپى تارتتى. ياش ساقىلار بىر چەتتە تۇرغان يوغان كوزىدىن مېھمانلارغا مەي قۇيۇشقا باشلىدى. دەسلەپ سۆز ئانچە قىزىماي تۇرسىمۇ، بىر ــ ئىككى پىيالىدىن كېيىن سۆھبەت گۈلخانى گۇرۇلدەپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، چاقچاقچىلارنىڭ پاراقلىغان ئاۋازى ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر چاقچاقچى بۇ تەرەپتە ئولتۇرغان بىر چاقچاقچىغا سۆز تاشلاپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. قاقاقلىغان سادالاردىن سەرۋى دەرەخلەرنىڭ يىڭنە يوپۇرماقلىرى تىترەپ كەتتى.

پالۋان مۇھەممەد شاھ ئولتۇرغان سۇپىنىڭ كەينىدىكى سەرۋى دەرىخى ئاستىغا سىلىن-

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

غان گىلەملەردە بىر نەچچە ياشنىڭ چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ساقاللىرى قاپقارا بولۇپ چىققان، ئىنچىكە بۇرۇتلۇق بۇ يىگىتلەر پادىشاھنىڭ پەيكەرلىرى[1] ۋە جىلاۋدارلىرى ئىدى. ئۇلار پادىشاھ سىرتقا چىققاندا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، ئالدىدا ۋە ئىككى تەرىپىدە مېڭىشاتتى. كىيىملىرىنىڭ يالتىراقلىقى، بەللىرىگە قادىغان قىرىقتەك قوڭغۇراقنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭى شاھنىڭ مېڭىشىغا تەنتەنىلىك تۈس بېرەتتى.

خېلىدىن بېرى پادىشاھ ئالدىدا قىسىلىپ ئولتۇرغان پالۋان خۇشچاقچاق يىگىتلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ چاقچاق ئارىلاش سۆھبىتىگە قوشۇلغۇسى، ئاۋازىنىڭ بارىچە كۈلۈپ، كۆڭۈل چېگىشلىرىنى يەشكۈسى كەلدى. پەيت كۈتۈپ تۇرۇپ، ئۇ ئاستا ئورنىدىن قوپتى - دە، يورغىلىغان پېتى جىلاۋدارلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— ھە، كېلىڭ ئاتا، بىزگە ئۇلپەت بولۇڭ ...

— ئالدى بىلەن سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن مانا بۇ قاچىنى كۆتۈرۈڭ، — دەپ چۇقۇراشتى يىگىتلەر.

پالۋان بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە سۇنۇلغان قەدەھنى ئاخىرىغىچە ئىچتى - دە، ئېسىلىپ تۇرغان بۇرۇتىنى، ئاق ئارىلىغان ساقىلىنى سىيپاپ قويدى ۋە ئالدىدىكى چىنە تاۋاقتىن بىر كېسىم گۆش ئېلىپ گازاڭ[2] قىلدى.

— مىڭ ياشاڭ، پالۋان ئاتا، يەنە بىرنى قويۇپ بېرەيلىكمۇ؟

— كۆپرەك بولۇپ كېتەرمىكىن؟

— قورقماڭ، ئىچىپ مەست بولۇپ قالسىڭىز، سىزنى دەرەخ تۈۋىگە ياتقۇزۇپ، دەستارىڭىزنى بېشىڭىزغا يېپىپ قويىمىز.

— ئۇنداق بولسا، مەيلى.

— ئەگەر ياق دېگەن بولسىڭىز بېشىڭىزغا تۆكەتتىم، — دېدى كېلىشكەن بىر يىگىت، پوتىسى ۋە تىزىغا قادالغان قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ، ئۇنىڭغا قەدەھ سۇندى.

بىردەمدىن كېيىن چاقچاق توختىدى. سۇلتان ھۇسەيىن كۈلكىدىن چىققان كۆز يېشىنى قولياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ ئەتراپىغا قارىدى. مۇھەممەد پالۋانغا قىزىق بىر سۆز ئېيتماقچى ئىدى. ئورنىدا يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆز يۈگۈرتۈپ ئىزدەشكە باشلىدى. پادىشاھنىڭ غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىغان مۇھەممەد ۋەلىبەگ:

— مىرزام، بىرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلىدىلا، ئەمىر قىلسىلا، ئۇنى كۆزىتىپ كېلەي، — دېدى.

— پالۋان ھازىرلا بۇ يەردە ئولتۇراتتى، نەگە كەتتى؟

مۇھەممەد ۋەلىبەگ كۈلۈمسىرەپ، كۆزى بىلەن پەيكارلار ئولتۇرغان تەرەپنى ئىشارەت قىلدى:

— پالۋان قېرىغىنىغا قارىماي، پەيكارلار قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئولتۇرىدۇ.

سۇلتان ھۇسەيىن بوينىنى سوزۇپ، جىلاۋدارلار بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغان پالۋان مۇھەممەدنى كۆردى.

— بىزنىڭ سۆھبىتىمىزدىن ئۇلارنىڭ ئۇلپىتىنى ئەۋزەل كۆرۈپتۇ - دە، — دېدى ئۇ رەنجىپ، — چاچ - ساقىلى ئاقارغاندا ئەقلىدىن ئازدىمۇ؟

— ياش بولغۇسى كەلگەندۇر.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى ياشلارغا قوشۇپ قويايلى، كۈتكۈچىگە ئېيتىڭ، ئۇنىڭغا

---

① ئات يېتەكلىگۈچى ۋە ئات باققۇچىلىرى.

② زاكۇسكا.

www.uyghurkitap.com



پەيكارلار كىيىمنى ئەكىلىپ بەرسۇن.

— بېشىم بىلەن، — دېدى مۇھەممەد ۋەلىبەگ خۇش بولغانلىقىنى يوشۇرالماي، لېۋىنى پۇرۇپ.

پالۋان قىزىق بىر گەپ ئېيتىپ ياشلارنى كۇلدۇرۇۋاتقاندا زەرباب بوقچا كۆتۈرگەن كۇتكۇچى ئالدىدا پەيدا بولدى.

— زاتى ئالىي لۇتۇف كەرەم ئەيلەپ، جانابلىرىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى، — دېدى ئۇ بىلىنەر - بىلىنمەس ھىجىيىپ.

— بىزمۇ شېرىك، — دەپ چۇقۇراشتى جىلاۋدارلار.

پالۋان مەستانە مەغرۇرلۇق بىلەن بوقچىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى - دە، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. زەرباب بوقچا ئىچىدە پەيكارلار كىيىدىغان يالتىراق كىيىم بىلەن قىرىق قوڭغۇراق تاقالغان لىباس بار ئىدى.

— ماڭا ئەۋەتتىمۇ؟ ياقەي، خاتالىشىۋاتقاندۇرسىز؟ باشقا ئادەمگىدۇر؟...

— خاتالىشىۋاتقىنىم يوق، سىزگە ئەۋەتتى. دەرھال كىيىۋېلىڭ. پادىشاھى زاماننىڭ سۆزىنى يىرغىلى بولمايدۇ.

پالۋان ھوشىنى تېپىپ، گەپنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ رۇخسەتسىز شاھ ھۇزۇرىدىن كېتىپ قالغىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىلاۋدارلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغىنىدىن سۇلتاننىڭ غەزەبلەنگەنلىكىنى چۈشەندى.

— قېنى، ماڭا ياردەملىشىڭ، — دېدى ئۇ يېنىدا ھىجىيىپ ئولتۇرغان جىلاۋدارلارغا، يالتىراق كىيىمنىڭ كەڭ يېڭىگە قولىنى تىقىۋېتىپ. بىر يىگىت سول قولىنى يېڭىگە توغرىلايتتى. پالۋان لىباسنى مۈرىسىگە ئارتىپ كىيىۋاتقاندا ئارقا چېكى «تارت» قىلىپ سۆكۈلۈپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر ئۆزلىرىنى تۇتالماي، قاتتىق كۈلۈۋېتىشتى.

بۇ كۈلكە ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. پالۋاننىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى.

— ئەگەر ساقىلىڭىز بولمىسا راۋرۇس پەيكار قىلىپىغا كىرگەن بولاتتىڭىز، — دېدى كىمدۇر بىرسى.

— ئۇنداق بولسا، قايچا ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى پالۋان ۋە بىردەمدە نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن قايچا بىلەن ئۆز ساقىلىنى قىرقىشقا باشلىدى.

بىر جىلاۋدار پالۋاننىڭ قولىدىن قايچىنى ئېلىپ، ساقىلىنى قىسقارتىپ ياسىدى.

— مانا ئەمدى پەيك قىياپىتىڭىزگە كىرىدىڭىز، — دېدى جىلاۋدار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۇلتان ھۇسەيىنگە ئاڭلىتىپ.

پالۋان جىلاۋدارلار لىباسنى كىيىۋالغاندىن كېيىن، سۇلتاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. ھۆكۈمدار ئۇنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ ھىجايدى، بۇنى كۆرۈپ ئەمەلدارلارمۇ كۈلۈۋېتىشتى.

— سىزنى يېڭى سەرۇپا ۋە يېڭى مەرتىۋە بىلەن مۇبارەكلىگىلى ئىجازەت قىلغايسىز، — دېدى پادىشاھ كىنايە بىلەن.

— رەھمەت.

— پالۋاننىڭ ئىشى كاتتا بولدى، — دېدى سۇلتان ھۇسەيىن يېنىدىكىلەرگە قاراپ، — ئەمدى ئۇنى ئالدىمىزغا سېلىپ شەھەرگە چۈشەيلى، نېمە دەيسىز؟

ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر:

— تازا ياخشى بولاتتى.

— كوچا ئايلىنىپ، غەم - ئەندىشىدىن نېرى بولايلى!

— مىلىڭ ياشاڭ، مىرزام! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاشتى.

كەيپلىرى چاغ ساراي ئەھلى، پالۋاننىڭ ئات تىزگىنىنى يېتىلەپ، بېلى ۋە تىزىدىكى قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ مېڭىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى كۈلكىدىن توختىتالمايتتى.

پالۋان مۇھەممەدنىڭ شاگىرتلىرىدىن سۇلتانئەلى نەۋكەرلەر قاتارىدا بىر سۇپىدا ئولتارغاندى. ئۇ ئۇستازىنىڭ جىلاۋدارلار كىيىمىنى كىيگەنلىكىنى، ئۆز ساقىلىنى قىرقىغانلىقىنى كۆردى - دە، مەستلىكى تارقاپ كەتتى. پالۋاننى بۇ ھالدىن پەقەت نەۋائىلا قۇتقۇزۇۋېلىشى مۇمكىن، دېگەن پىكىر خىيالىغا كەلدى. ئەپسۇسكى، نەۋائى بۇ يەردە يوق، ئىچكىلىك بەزمىسى بولىدىغان يەردىن ئۇ ئۆزىنى تارتاتتى.

«ھازىرلا ئات چاپتۇرۇپ بارسام، چارەك سائەتتە نەۋائىنىڭ چار بېغىغا يېتىشىم مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ئۇ ئورنىدىن قوپۇۋېتىپ.

مەست - ئەلەس مېھمانلار ۋە ساھىبخانلارنىڭ دىققىتى پالۋاندا بولۇپ، كۆزلىرىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. شۇڭلاشقا سۇلتانئەلىنىڭ ئورنىدىن قوپۇپ كەتكىنىنى، ئېتىنى مىنىپ مېڭىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم سەزمەي قالدى.

نەۋائى باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىپاڭدا، بەش شام قوندۇرۇلغان گۈللۈك قەندەلنىڭ يورۇقىدا ئىشلەپ ئولتۇرغاندى. ئۇنىڭ مۇلازىمى بېھلۇل چىراي تاتارغان قارا ساقال سۇلتانئەلىنى باشلاپ كىردى.

— مەدەد!... ئۇستازىم... پالۋاننى خالاس قىلىڭ! — دېدى سۇلتانئەلى ھاسىراپ.

— پالۋانغا نېمە بولدى؟ ئاغرىپ يىقىلدىمۇ؟

— شۇنداق بولسا كاشكى... ئاغرىپ يىقىلغان بولسا، شەرمەندە بولدى!

— ھە؟ شەرمەندە بولدى؟

ئەلىشىرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. سۇلتانئەلى ئالدىراپ - تىنەپ، بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

— ئاتچىغا ئېيتىڭ، دەرھال ئېتىمنى ئېگەرلىسۇن، — دېدى نەۋائى، ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي، ھاڭۋېقىپ تۇرغان بېھلۇلغا.

شائىر چاپىنىنى كىيىۋېتىپ، مېھمانغا تىكىلىپ قارىدى. بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ شېئىرىنى ياد ئېلىپ، نەۋائى سۆزى ئورنىغا نەسىمي سۆزىنى قويۇپ ئوقۇپ بەرگەن ياش پالۋانلارنىڭ بىرى شۇ كىشى ئىدى. نەۋائى شۇ ئىشنى قوزغىماقچى بولدى - دە، لېكىن مۆرىتى ئەمەسلىكىنى سېزىپ ئۈنچۈقمىدى. «پالۋان مۇھەممەدتىن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ئىشلار سادىر بولدى. مىجەزى چاقچاقتا مايىل، لېكىن بۇ قېتىمقىسى ئابرۇيىنى يەرگە ئۇرمىسا ئىدى. ‹چاقچاق - چاقچاقنىڭ تېگى چاتاق› دەپ بىكار ئېيتمىغان. چاچ - ساقىلىڭ ئاقارغاندا ياشلار بىلەن شاراب ئىچىشنىڭ ئاقىۋىتى شۇ. ھەي مەيلى، ئەڭ ئالدىن ئۇنى مەست - ئەلەس ساراي ئەھلى قولىدىن قۇتقۇزۇۋالايلىچۇ، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمىز» ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، بېھلۇل كېلىپ ئات ئېگەرلەنگەنلىكىنى ئېيتتى. نەۋائى بىلەن سۇلتانئەلى «باغى جاھانئارا»غا قاراپ ئات چېپىپ كېتىشتى. چارەك سائەت بولار - بولماي ساراي بېغى دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈشتى. باغ ئىچىدىن قىزغىن چاقچاق ئاۋازلىرى، قاقاقلاپ كۈلۈشلەر ئاڭلىناتتى. نەۋائى ئېتىنى ھەمرايىغا بېرىپ ئىچكىرىگە دادىل قەدەم باستى. ئەمەلدارلار، ئەربابلار ئېگەرلەپ تەييارلانغان ئاتلىرىغا مىنىشكە

ھازىرلىنىپ، پادىشاھنىڭ چىقىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. پالۋان مۇھەممەد بولسا باشقا پەيكلەر بىلەن بىللە پادىشاھنىڭ ئويناقلاپ تۇرغان ئېتى يېنىدا جىم تۇراتتى. ئۇ شائىرنىڭ ئىتتىك مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەممىدىن ئاۋۋال كۆرۈپ، يەرگە قارىغان پېتى تۇرۇپ قالدى. ئەلىشىر بولسا كۆرمىگەنگە سېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. كۈلۈۋاتقانلار بىردىن توختاپ، ھەممە جىم بولدى. ئەلىشىرنىڭ ھەيۋىسى شۇنچەلىك كۈچلۈك ئىدىكى، ئۇنى كۆرگەنلەر ھوشىنى تېپىپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا سۇلتان ھۇسەيىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېلىۋاتقانىدى. نەۋائى ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى:

— مىرزام، — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن، — ئىشىك ئالدىدا پالۋان مۇھەممەدنى كۆردۈم. زاتى ئالىي ئۇنىڭغا يېڭى مەرتىۋە بېرىپتىلا. پالۋان كەمىنەنىڭ كونا قەدىردانلىرىدىن. پالاكەت ئەييامىدا مېنى يالغۇز تاشلاپ قويماي، مېھرىبانلىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇ ۋاقىتتا بىز، بېشىمىزغا يا كۈلپەت چۈشسۇن، يا بەخت قۇشى قونسۇن، بىللە بولغايمىز، بىرىمىز تاپساق تەڭ بۆلۈپ يەيمىز، ئىككىمىز بىر كويدا يۈرىمىز. كىيىممىزمۇ بىر خىل بولسۇن، دەپ قەسەم قىلغانتۇق. ئىنايەت ئەيلەپ پالۋانغا پەيكلەر كىيىمىنى كىيدۈرۈپتىلا. بۇيرۇق بەرسىلە، ماڭىمۇ شۇنداق سەرۇپا ئىنئام قىلىنسا ئىكەن، ساتىراشنى چىللاپ، ساقىلىمنى ئالدۇرسام ۋە مىرزامنىڭ جىلاۋىلىرىدا يۈرسەم...

بۇ سۆز پادىشاھقا بېشىدىن قۇيۇۋەتكەن سوغاق سۇدەك تەسىر قىلدى. بىر دەمدىلا ئېسى جايىغا كېلىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ بىمەنە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ بىر نېمىنى ئويلاۋاتقاندەك، تەزىم قىلىپ تۇرغان نەۋائىنىڭ ساقىلىغا تىكىلىپ قارىدى - دە، كېيىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئېتىمنىڭ ئۈستىدىن ئىگىرى ئېلىنسۇن. كوچا سەيلىسىگە چىقمىغايمىز، — دېدى، — ئويۇن - كۈلكە توختىتىلسۇن، شۇنچە ئويىندۇق يېتەر. چاقچاق - تاماشانىڭمۇ چېكى بار...

مېھمانلار بۇ سۆزدىن ئىجازەت بېرىلگەنلىكىنى چۈشىنىپ خوشلاشقاندىن كېيىن بىر - بىرلەپ مېڭىشقا باشلىدى. سۇلتان پالۋان مۇھەممەدنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئىگەر جابدۇقى بىلەن بىر ئات ئىنئام قىلغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە دەرھال ئۈچىسىدىكى پارقىراق كىيىمنى سېلىپ تاشلاپ، ئۆز كىيىمىنى كىيىۋېلىشقا ئىلتىماس قىلدى.

— سىزدەك ئېغىر يۈكلەرگە پىسەنت قىلمايدىغان پالۋاننىڭ بىزنىڭ يېنىك چاقچىقىمىزنى كۆتۈرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. ھەر نېمە بولسا بۈگۈن كېچىدىلا سادىر بولدى. ئۇنتۇپ كەتكەيسىز، — دېدى سۆزىنى تاماملاپ.

پالۋان ئۇنىڭدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى.

كېچە قاراڭغۇ، دالا يوللىرى خالى. پادىشاھ ئىنئام قىلغان ئاتنى مىنىۋالغان پالۋان مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى نەۋائىنىڭ يېنىدا كېتىپ باراتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى ئاستا يۈگۈرتۈپ كېتىپ بېرىشاتتى. نەۋائى بىر گەپ بىلەن پالۋاننىڭ يارىسىغا تېگىپ كېتىشىدىن قورققاندەك، «چىشىنى چىڭ چىشلەپ» ئالغانىدى. ئەمما بەزىدە دوستىنىڭ ساقىلى چالا ئېلىنغان سىمىز يۈزىگە ئېچىنغاندەك قاراپ قوياتتى. پالۋان ئىزا تارتقىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتى. نەۋائىنىڭ بېغىغا يەتكەندە شائىر پالۋاننى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلماي، خوشلاشتى - دە دېدى:

— ساقال - بۇرۇت ئۆسمىگىچە كوچا - كويغا چىقمىسىلا، ئىددەت تۇتۇپ، تارىخ

ۋە ماشايىخلارنىڭ كىتابلىرىنى مۇتالىئە قىلسىلا!

— خۇددى كۆڭلۈمدىكى سۆزنى ئېيتتىڭىز، تىنىقىم توختىغىچە سىزدىن مىننەتدار-مەن، — دېدى پالۋان تىترەك ئاۋاز بىلەن.

## ھىرات دورغىسى

شائىر قولىنى كەينىگە قىلىپ، ھويلىسىدىكى «بىنەپشەزار» ئەتراپىدا يالاڭباش ئايلىنىپ يۈرەتتى. غۇر - غۇر شامال ئۈز قانتىدا شەھەرنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى پىستەزار تاغلاردىن ئاجايىپ پۇراقلىق ھىدلارنى ئېلىپ كېلەتتى ھاۋا ئىللىق، ئاسمان سۈپسۈزۈك، كىپىنەكلەر بىنەپشىلەر ئۈستىدە قانات قاقاتتى.

شائىرنىڭ تالا - تالا قىزىل يۈزى مەيىن تەبەسسۇم بىلەن ئېچىلىپ، كۆزلىرى كۈلۈمسىرەيتتى. بەلختە كۆرگەن - بىلگەنلىرى قورقۇنۇشلۇق بىر چۈشتەك ئۆتۈپ، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، تۇرمۇشى ئۈز ئىزىغا چۈشكەن، سالامەتلىكىمۇ يامان ئەمەس. نەۋائىنىڭ سادىق مۇلازىمى بەھلۇل ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ خوشلۇقىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنىڭ نەزىرىدىن ئېلىپ قاچاتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، كوچا تەرەپتىن: «مېنى قويۇۋېتىڭ، مىرھەزرەتلىرىگە ئەرزىم بار» ، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، شائىر توختىدى. كىمدۇر يىغلامسىراپ سۆزلەيتتى، بەھلۇل تۈۋەن ئاۋاز بىلەن تىنجىتىشقا ھەرىكەت قىلاتتى، ئۇنىڭ ئاندا - ساندا: «ئازراق سەۋر قىلىڭلار، ئارامى بۇزۇلمىسۇن، بىرەر سائەتتىن كېيىن كېلىڭلار» دېگىنى ئاڭلىناتتى.

— مەخدۇم، كىم ئۇ؟ نېمىشقا كىرگىلى قويمايسىز؟ — دەپ سورىدى شائىر قېشىنى يىمىرىپ.

يېشى قىرىققا يېقىنلاشقان، چاققانغىنە، ياش يىگىتلەردەك تېتىك بەھلۇل شائىرنىڭ ئالدىغا دىكىلداپ كەلدى.

— بىر ئادەم ئەرز - دات ئېيتىپ كەپتۇ، ئازراق سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، دېسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— ئېيتىڭ، كىرسۇن، — دېدى نەۋائى مېھمانخانا تەرەپكە مېڭىپ تۇرۇپ، ئوتتۇرىدىكى تۆت قەۋەت كۆرپىگە ئولتاردى. يۇمىلاق ياستۇققا جەينىكىنى قويۇپ، سەۋر بىلەن مېھماننى كۈتتى. ئىككى - ئۈچ دەقىقىدىن كېيىن، گەۋدىسى بىر ئاز مۈكچەيگەن، چەكمەن چاپان كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق كىشى كىرىپ، تەزىم قىلدى ۋە پەگادا ئولتۇردى. شائىر ئۇنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئېلىپ:

— خوش، نېمە ئىشىڭ بار؟ — دېدى، كەلگەن ئادەمنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە قاراپ، مۇلايىم ئاۋاز بىلەن.

— كەمبەغەل پۇقرالارنىڭ شەھەردە سىزدىن باشقا پاناھى يوق. بېشىمغا ئېغىر ئىش چۈشۈپ، قېشىڭىزغا كەلدىم. ياردەم قولىڭىزنى سوزۇڭ، — شۇنداق دەپ، ئۇ پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— ئېيتىۋېرىڭ، بېشىڭىزغا قانداق ئىش چۈشتى؟

— مۇھەممەد چىنار قىزىمنى ئېلىپ كېتىپ، ئۆيدە قىلىۋالدى. مەھكىمىسىگە بېرىپ، قىزىمنى بەر، دېسەم، قولۇمنى كەينىچە باغلاپ، قاتتىق ئۇردى: «سەن ئۆز مەھەللەڭدىكى پىرنەزەر ئوغرىنى تۇتۇپ بەرمىسەڭ، ئۆزۈڭنى زىندانغا تاشلاپ، ئۆيۈڭنى

www.uyghurkitap.com



بۇزۇۋېتىمەن، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىقىڭ بار» دېدى. مەن «پىرنەزەر بىلەن بىر مەھەللىدە بولسامۇ بۇرادەرچىلىكىم يوق. ھاياتىمدا ئۇ ئەبلەخ بىلەن بىر قېتىممۇ سالاملاشمىغانمەن، قىزىمنى بېرىلىك، ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگمەڭ!» دەپ يىغلىسام، ئۇردى. قاراڭغۇ چۈشكىچە مېنى مەھكىمىسىدە تۇتۇپ تۇرۇپ، كېيىن قويۇۋەتتى.

نەۋائى پېشانىسىنى تۇتۇپ: «مىرزا خىزمىتىدە بولغان ئادەمگە نامۇناسىپ ئىش» دەپ ئويلىدى ئاۋازىنى چىقىرىپ، ئۇ باشقا ئادەملەردىن شەھەر دورغىسىنىڭ شۇ تەرىقىدىكى قەبىھ ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

— مۇھەممەد چىنارنىڭ نەۋكەرلىرى بىر ھەپتە ئاۋۋال قوشنىمىزنىڭ ئون ئالتە ياشلىق ئوغلىنى ئېلىپ كەتكەنىدى، — دېدى مېھمان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — پارساخان كوچىدا كېتىۋاتقانىكەن، ياساۋۇل ئۇنى توختىتىپ: «سەن پالانى ئىبن پالان ئەمەسمۇسەن؟ سېنى ئۈچ كۈندىن بېرى ئىزدەۋاتىمەن. مەن بىلەن ماڭ دورغىنىڭ ئالدىغا»، دەپ مۇھەممەد چىنارنىڭ ھويلىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. پاسىق ئەمەلدار ئۈچۈن ئوغرى باھانە بولۇپ قالدى، خەلق ئوغۇل ـ قىزلىرىنى سىرتقا يالغۇز چىقىرىشتىن قورقىدۇ.

— سارايغا ھال ئېيتىپ بارمىدىڭىزمۇ؟

— بېرىشتىن قورقىمەن، سارايدا دادخا ئىشى مىرزىنىڭ ئىشىك ئاغىسى مۇھەممەد ۋەلىبەگنىڭ قولىدا. ئوغلى ئۈستىدىن ئاتىسىغا شىكايەت قىلىپ بارسام، مېنى ساق قويماس.

مۇھەممەد چىنار مۇھەممەد ۋەلىبەگنىڭ ئاسراندى ئوغلى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتاننىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئىشەنچلىك بەگلىرىدىن بولمىش ئاتىسىنى يۆلەنچۈك قىلىپ، ھېچ تەپ تارتماي، خىيالىغا كەلگەن نامائقۇلچىلىقلارنى قىلاتتى.

«ئەگەر ۋەلىبەگنىڭ بالىسى ئۇنداق قىلىۋاتىدۇ، بۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ مىرزىغا ئېيتسام، نەۋائى ئۇلۇغ بېگىمگە ۋە ئۇنىڭ ئوغلىغا قارشى ئىغۋا قىلىۋاتىدۇ، دېگەن خىيالغا كېلىشى مۇمكىن، — دەپ ئويلىدى نەۋائى، — ياق، بۇ ئىشقا ئۆزۈم قول سالماي، بۇ سۆزنى باشقا ئادەمنىڭ ۋاستىسى بىلەن قۇلىقىغا يەتكۈزەي».

— ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، ھالىمىزغا يېتىپ، ياقىمىزنى زالىمنىڭ قولىدىن خالاس قىلىڭ. ئۆمرىمنىڭ ئاخىرىغىچە دۇئا قىلىمەن، — دېدى كەلگەن ئادەم، نەۋائى-نىڭ ئويغا پاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— سىزنىڭ كۆز يېشىڭىزنى ئېيتىپ قويماسمىز، بىر ئامالىنى قىلارمىز، — دېدى نەۋائى.

مېھمان رەھمەت ئېيتىپ، ئورنىدىن قوپتى ۋە كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. نەۋائى يالغۇز قالغاچ، پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆزىنى يۇمدى. چارەك سائەت ئىلگىرى كۆزىگە يورۇق كۆرۈنگەن جاھان ئەمدى زىمىستانغا ئايلانغان، كۆڭلى غەم، ئەندىشە بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭ بەدىنى ئۆيۈشۈپ، ئىككى چېكىسى سىقىلىپ، بېشى ئاغرىشقا باشلىدى.

«سۇلتان شەھەرنى مۇھەممەد چىناردەك ئىپلاس بىر ئادەمنىڭ قولىغا بېرىپ قويغان، قولىدا مەي كاسىسى، قۇلىقىغا خۇشامەتچىلەرنىڭ شېرىن سۆزى ياقىدۇ، كونا سادىق دوستلىرىدىن خىيانەت كۈتىدۇ. بولمىسا نېمىشقا مېنىڭ مۇلازىملىرىمدىن بىرىنى ئۆزىگە تىلىڭ ـ تىڭچى قىلىۋېلىپ، ئۆيۈمدە بولغان گەپلەرگە قۇلاق سالىدۇ. كاشكى، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىش مېنىڭ خىيالىمغا كەلسە، ئالدىرىما، — نەۋائىنىڭ مۇشكۇل بىر مەسىلە-نى ھەل قىلىش يولىنى تاپقاندەك يۈزى يورۇدى، — تاپتىم! بۇ سۆزنى تىڭ ـ تىڭچى ۋاستىسى ئارقىلىق شاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزگەيمەن!»

ئارىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شائىر ئۆز مۇخلىسلىرى بىلەن سۆھبەتلە-شىپ ئولتۇرغاندا، بېھلۇل بىر ئادەمنىڭ كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. نەۋائىنىڭ ئىجازىتىدىن كېيىن ئىشىكتىن ئوتتۇرا بوي، بەردەم، قوڭۇر ساقال، چېقىر كۆز بىر كىشى كىرىپ، تەزىم قىلدى ۋە قولىدىكى تۈگۈننى بېھلۇلغا بېرىپ، پەگادىن ئورۇن ئالدى. دۇئادىن كېيىن شائىر ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— سىلىدەك ئۇلۇغ زاتنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئارزۇسىدا كەلدىم. مەندەك ئادەمنى نەۋكەر قىلىپ ئالسىلا، جېنىم ھوزۇرلىناتتى. ئات مىنىش، ئوق ئېتىشنى بىلىمەن، يەتمىش خىل تائام تەييارلاشنىڭ سىرىنى بىلىمەن.

شائىر ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ، قوشۇندا ئونبېشى ياكى يۈز بېشى بولۇپ ئىشلىگەن بولسا كېرەك. ئىچكى ئۇرۇشلار توختىغاچ، مىڭبىر گولاخقا كىرىپ چىققان بولسا كې-رەك، دەپ ئويلىدى.

— كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ھەرقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىسىز. ئەمما نە نەۋ-كەر ۋە نە ئاشپەز كېرەك ئەمەس. خىزمىتىمدە بولۇۋاتقان مۇلازىملار يېتىپ ئاشىدۇ.

— ھەي، ئەتتەڭ! نە ئۈمىدلەر بىلەن كەلگەندىم، تەلىيىم يوق ئىكەن، مەيلى، مىر جانابلىرى، ھېچ بولمىسا ئېلىپ كەلگەن سوۋغامنى ئېلىپ قېلىڭ.

نەۋائى باش لىڭشىتقاندىن كېيىن بېھلۇل تۈگۈننى ئاچتى. ئىچىدىن بىر كاللەك قەنت، ھەل بىلەن يېزىلغان قۇرئان ۋە بىر كامان چىقاردى. نېمىشقىدۇر بۇ كىشىنىڭ ئۆزىمۇ، سوۋغىسىمۇ نەۋائىغا يارىمىغانىدى . بىلىنەر - بىلىنمەس ھالدا پېشانىسى تۈرۈلدى، لېكىن مېھماننى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن مۇلايىملىق بىلەن:

— ئىسمى - شەرىپىلىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئەخمەت.

— پەدەر بۇزرۇكۋارلىرىنىڭ ئىسمى تاقىدىن ئەمەسمۇ؟

— ياق، ئىسمى ئەبدۇلۋاسى ئىدى.

— مەن خاتالىشىپتىمەن، باشقا ئادەم ئىكەنسىز، خوش. بايا مەن سىزگە ئېيتتىم، بىزگە نەۋكەر كېرەك ئەمەس دەپ. بىزدىن يىلىغا ئۈچيۈز تەڭگىدىن ئارتۇق ھەق ئالالماي-سىز. ئەگەر مەقسىتىڭىز ياردەم ئېلىش بولسا، سىزگە مۇنداق مەسلىھەت بېرىمەن. ماڭا ئېلىپ كەلگەن بۇ نەرسىلىرىڭىزنى سېتىپ، ئون تەڭگىسىگە چاپان، قىرىق تەڭگىسىگە زەرباب كەمەر، ئون تەڭگىسىگە خەنجەر، يىگىرمە تەڭگىسىگە بۇددە چويلۇق باش كىيىم ئېلىپ، ئۆزىڭىزنى راسلاڭ، قولىڭىزغا ئەرغۇۋانى تاياق ئېلىپ، ئۆزىڭىزنى ياساۋۇل قىياپىتىگە كىرگۈزۈڭ - دە، بازار بېشىدا تۇرۇڭ. ئالدىڭىزدىن كېلىشكەن بىر يىگىت كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، ئۇنى توختىتىپ: «ھەي يىگىت، سېنى ئەتتىگەندىن بېرى ئىزدەپ يۈرىمەن، ياخشى، ئۆزۈڭ كېلىپ قالدىڭ، سېنى شەھەر دورغىسى ئىزدىگەنىدى، مەن بىلەن ماڭ»، دەپ بىلىكىدىن تۇتۇڭ. ئۇ يىگىت يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، سىزنى بۇلۇڭغا تارتىدۇ ۋە يانچۇقىدىن ئون بەش - يىگىرمە تەڭگە چىقىرىپ ئۆزىنى خالاس قىلىدۇ. ئۇنى قويۇپ بېرىپ، يەنە ئورنىڭىزغا بېرىپ تۇرۇڭ. ئالدىڭىزدىن بىر ساھىبجا-مال قىز ئۆتسە، ئۇنى توختىتىپ، يىگىتكە ئېيتقان سۆزلىرىڭىزنى ئۇنىڭغىمۇ ئېيتىڭ. ئېھتىمال، قىزنىڭ ئاتىسى سىزگە ئاتمىش - يەتمىش تەڭگە بېرىپ، قىزنى قۇتقۇزۇۋالسا ئەجەب ئەمەس ... شۇنداق قىلىپ يىلىغا بەش - ئالتە مىڭ تەڭگە دارامەت قىلسا بولار.

دەستىخان تۆپىسىدە ئولتۇرغانلار شەھەر دورغىسىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى بىلەتتى.

ئۇلار نەۋائىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دەردلىرىنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. مېھمان بولسا، نەۋائىنىڭ كەيپىياتى يامان ۋاقتىدا كېلىپ قاپتىمەن، خەقنىڭ ئەلەمىنى مەندىن ئېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئورنىدىن قوپتى. بېھلۇل بولسا، قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا تەرىقىسىدە سۆز قىلدى، دەپ شائىرغا قايىل بولدى.

سۇلتان ھۇسەيىن ھۇجرىسىدا زەرباب كۆرپە ئۈستىدە ئۆڭ جەينىكىنى يۆلىلاق ياستۇقتا تىرەپ خىيال سۈرەتتى. قاپاقلىرى تۈرۈلگەن يۇمۇق كۆزلىرىدە ئوت چاقنايتتى، گۆشلۈك يۈزىدە غەزەپ ئالامىتى، تىترەپ تۇرغان قولىدا نەيچە قىلىپ ئورالغان قەغەز - نەۋائىنىڭ تىڭ - تىڭچىسى يېزىپ ئەۋەتكەن مەلۇماتنامە.

پۈتۈن شەھەردە مۇھەممەد چىنار توغرىسىدا بىر مۇنچە گەپ تارقاپ يۈرسىمۇ، پادىشاھ خەۋەرسىز قالسا! بۇ ئەلەم قىلمامدۇ! بەگلەردىن بىرى ئالدىنىراق كېلىپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇرسا، پادىشاھقا سەتچىلىك كەلتۈرگەن پاسىق ئەمەلدارنىڭ چارىسىنى كۆرگەن بولاتتى. ۋەلىبەگنىڭ ئەقلى - ھوشى بار يىگىت، دەپ خاتالاشقان، قويلارنى بۆرىگە تاپشۇرغانلىقىنى بىلمەي قالغانىكەن.

سۇلتان ھۇسەيىن غەزەپكە چىدىيالماي، چىنارنى چاقىرتىپ كېلىپ، جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرماقچى بولدى. بىراق ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بۇ گەپلەرنىڭ قانچىلىك توغرىلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ بىلمەكچى بولدى. شەھەر دورغىسىنىڭ ئۆيىدىكى تىڭ - تىڭچىسى ئۇنىڭ بۇزۇقلۇقى توغرىسىدا بۇ چاققىچە لام - جىم دېمىگەنىدى. بۇنىڭغا قىسمەن ئۆزىمۇ سەۋەبچى، ئۇ ئەربابلارنىڭ ھايات كەچۈرۈش يوسۇنى، مەئىشىتىگە قىزىقمايتتى، پەقەت ئۇلاردىن خىيانەت سادىر بولمىسا دەپ قورققان. ئەمەلدار ھەرقانچە سادىق بولسىمۇ، ھۆكۈمدار ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەسلىكى كېرەك ئىكەن.

يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ، تىڭ - تىڭچىلار ۋاستىسى بىلەن شەھەر دورغىسىنىڭ مەئىشىتى ھەققىدە مەلۇمات توپلاشقا نىيەت قىلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار نەۋائىنىڭ سۆزلىرىنى ئىسپاتلايدىغان خەۋەرلەر ئېلىپ كەلدى. ئۇ دەرھال مۇھەممەد ۋەلىبەگنى چاقىرىپ، مۇنداق دېدى:

— بېقىۋالغان ئوغلىڭىز ھەددىدىن ئېشىپ، نامۇناسىپ ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتۇ. سىز تىزگىنىنى تارتىپ، ئۇنى جىنايەت يولىدىن ياندۇرۇشىڭىز ۋە بىزنى بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىشىڭىز لازىم ئىدى. ئۇ نىجىس دىيانەت يىپىنى ئۈزۈپ، پاسىقلىق دالىسىدا ئويناپ يۈرۈپتۇ، ئەگەر زۇلۇم شامىلىنىڭ ئالدىنى ئالمىساق، پۇقرالارنىڭ ياندۇرغان چىرىغىنى ئۆچۈرىدۇ...

ۋەلىبەگ سۇلتاننىڭ ئاغزىدىن بېقىۋالغان ئوغلىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى ئاڭلىغاچ، ھەيران بولغاندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قېتىپ قالدى. كېيىن ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆيدە بولمىغىنى ئۈچۈن بۇ سۆزلەردىن بىخەۋەر قالغانلىقىنى، بىپەرۋالىقى ئۈچۈن ئۆزىمۇ جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزرە سورىدى. جىنايەتكار ئوغلىمۇ، ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى بايقىماي قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىمۇ جازاغا مۇستەھىق ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى.

— ئەمرىمىز شۇ، — دېدى سۇلتان ھۇسەيىن جىددى ھالەتتە، — مۇھەممەد چىنارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە يۈز تاياق ئۇرۇپ، ھىرات ۋىلايىتىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىلسۇن ۋە پادىشاھلىق ئىشىغا كىرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنسۇن.

بىر چەتتە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان، ئۆڭ تىزىغا قەغەز قويۇپ، ئۆڭ قولىدا قەلەم تۇتۇپ تۇرغان مۇنشى پەرمانى ئالىيىنى پۈتتى.

مۇھەممەد چىنار ئىچكەركى ئۆيدە بىر ئادەمنى سوراق قىلىۋاتقىنىدا ياساۋۇلى ئالدىغا

كېلىپ، سارايدىن ئىككى ئادەم كېلىپ، قوبۇلخانىسىدا ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ قولىنى يۇيۇپ كېلىپ، دولانە بىلەن بۆدەنەنى كۆردى ـ دە، تامدەك تاتىرىپ كەتتى. بۇ ئىككى ئادەم سۇلتاننىڭ جاللاتلىرى ئىدى.

ــ مېھمىنىڭ، بىز بىلەن سارايغا بېرىڭ! ــ دېدى دولانە، قېتىپ قالغان شەھەر دورغىسىغا.

ــ يېڭى چاپىنىمنى كىيىۋالاي، ــ دېدى ئۇ پېشىگە قان چاچرىغان كونا جىلىتكىسىگە قاراپ.

ــ ياق، سىزنى كۈتۈپ تۇرىدىغان ۋاقتىمىز يوق، مېھمىنىڭ.

مۇھەممەد چىنار نائىلاج ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. سىرتتا ئۇلارنى سايىۋەنلىك هارۋا كۈتۈپ تۇراتتى.

ساراي دەرۋازىسى ئالدىدا هارۋا توختىغاچ، ئىككى جاللات ئۇنى دەرۋازا ئالدىدىكى ياساۋۇلخانىغا ئېلىپ كىرىپ يېشىندۈردى. مۇھەممەد چىنار ئۈنچىقماي جەينەكلىرىنى يەرگە تىرەپ، كۆكسىنى يەرگە يېقىپ يېتىۋالدى. بۆدەنە پۈتىدىن تۇتۇپ تۇردى، دولەنە بولسا يوغان بوينىغا پۈتۈن ئېغىرلىقىنى سېلىۋالدى ـ دە، ئۇلۇك قولىنىڭ جەينىكىنى بىقىنىغا چىڭ تىرەپ، بىھى تايىقى بىلەن يالىڭاچ بەدىنىگە يۈزنى ساناپ ئۇردى.

مۇھەممەد چىنار پايتەختتىن قوغلانغاندىن كېيىن خەلق يېنىك نەپەس ئالدى. چوڭ ۋە كىچىك شەھەرنى ئاپەتتىن قۇتقۇزغىنى ئۈچۈن هەممەيلەن نەۋائىغا دۇئا قىلاتتى.

شائىر قىلغان ئىشىدىن خۇش بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىگە كىچىك بىر بۇلۇت سايە تاشلاپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. خىزمەت تەلەپ قىلىپ كەلگەن بىر ئادەمنى خاپا قىلىپ ياندۇرغىنىدىن خىجالەت بولاتتى: «ئۆزىمۇ مۇھەممەد چىنارنىڭ ئەسكىلىكلىرىدىن غەزەپلىنىپ يۈرگەن چېغىمدا ئالدىمغا كەلدى، بولمىسا ئۇنىڭغا باشقىچە مۇئامىلە قىلغان بولاتتىم، هەي ئىست دورغىنىڭ قىلمىشلىرىنى شاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن باشقا بىر ۋاستە تاپقان بولسام بولماسمىدى!»

كەچقۇرۇن تاماقتىن كېيىن شائىر ئۆز مۇلازىمىنى چاقىرىپ:

ــ مەخدۇم، بۈنىڭدىن ئىككى هەپتە ئاۋۋال خىزمەت تەلەپ قىلىپ كەلگەن كىشى قايسى مەھەللىدە ئىستىقامەت قىلىدۇ، بىلەمسىز؟ ــ دەپ سوراپ قالدى.

ــ ئەخمەت بىننى ئەبۇلۋاسىمۇ! ــ بىھلۇل كۈلۈمسىرەپ دېدى، ــ ئۇنى مېنىڭ خىزمەتچىم تونۇيدىكەن، بىر مەھەللىلىك ئىمىش ...

ــ ياخشى بولدى، سىز بۈگۈنلا ئۇنىڭغا سەكسەن تەڭگە ئاپىرىپ بېرىڭ. ئەلىشىربەگ ئەۋەتتى، دەڭ. هال ـ ئەھۋالىنى سوراڭ. ئەگەر بىكار يۈرگەن بولسا، بىر ئىش تېپىپ بېرىمىز.

ــ ساۋاپلىق ئىش بولاتتى. ئىجازەت بەرسىلە، هازىر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سۆۋغىڭىزنى بېرىپ كېلەي.

ــ شۇنداق قىلىڭ.

قول ـ پۈتى چاققان بىھلۇل نەۋائى بەرگەن تەڭگىلەرنى بىر هەميانغا سېلىپ ئەخمەت بىننى ئەبۇلۋاسىنىڭكىگە ماڭدى.

(داۋامى بار)

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ)
(ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى)

# «قۇتادغۇبىلىك» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزى①

روبېرت. دانكوف (ئامېرىكا)

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەكبەر ئەمەت

## تېكىست ۋە تەرجىمە

بۇ تەرجىمە «قۇتادغۇبىلىك» تېكىستىنىڭ رەھمەتى ئارات تەييارلىغان تەنقىدىي نۇسخىسى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى [102]. بۇ تەنقىدىي نۇسخا بولسا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، فاكسىمىل نۇسخىدا نەشر قىلىنغان ئۈچ خىل قوليازمىنى ئاساس قىلغان [103]، قوشۇمچە 3 I دە مەن تېكىستنىڭ مەنىسىگە نىسبەتەن ئۆزگىرىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، ئۆزۈم قوللانغان باشقا خىل ئوقۇلۇشنى بەردىم [104]. ئارات ئۆزىنىڭ نەشرىگە كىرگۈزگەن، ئەمما ساختا، دەپ قارىلىشى كېرەك بولغان ناھايىتى ئاز ساندىكى شېئىرلار تېكىستكە بېرىلگەن ئىزاھاتلاردا تەرجىمە قىلىندى.

قاھىرە نۇسخىسى (Cairo MS) (C دېيىلىدۇ) ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا باشقا قولىيازمىلاردا ئۇچرىمايدىغان ئىككى مەدھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمما ئۇلار «قۇتادغۇبىلىك» كە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىغانلىقتىن بۇ تەرجىمىدە قوشۇمچە I گە بېرىلدى. ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۇچىنچى مەدھىيە (6521 ـ 6604 بېيىتلار) ۋېنا نۇسخىسى (Vienna MS) (A دېيىلىدۇ) دىمۇ ئۇچرايدۇ. [فەرغانە نۇسخىسى (Fergana MS) (B دېيىلىدۇ) بەختكە قارشى شېئىر ئاخىرلىشىشتىن خېلىلا بۇرۇن، 6232 ـ بېيىتتا ئۈزۈلىدۇ.] بۇ ئۇچىنچى مەدھىيە ئەسەرنىڭ بىلىم ۋە ئەكسىلدۇنيا تېمىسىغا قايتىدۇ. ھەم ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ (6623 ـ ۋە كېيىنكى بېيىتلار)، شۇڭا بۇ تەرجىمىدە ئەسەرنىڭ گەۋدىسىگە قېتىۋېتىلدى.

بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان بۇ ئۈچ مەدھىيە بىر قانچە خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن تېكىستتىن پەرقلىنىدۇ:

1. رىتىم. ئۇلار رىتىملىق كۇپلېتلارنىڭ مەسنەۋى شەكلىگە ئەمەس، بەلكى ئوخشاش رىتىملىق قەسىدە شەكلىگە چۈشىدۇ.

2. ۋەزىن. ئۇچىنچىسى ئەمەس، بەلكى دەسلەپكى ئىككى مەدھىيەدە ئاساسلىق تېكىست قىسمىدا ئۇچرايدىغان پەئۇل ۋەزنى ئەمەس، بەلكى پەئۇلۇن ۋەزنى قوللىنىلغان. شۇڭا:

ئاساسلىق تېكىست ۋە ئۇچىنچى مەدھىيە:

—V — — V — — V — — V

دەسلەپكى ئىككى مەدھىيە:

— —V — — V — — V — — V

3. مورفولوگىيىسى ۋە لېكسىكىسى ـ ئاساسلىق تېكىستتە بايقالمايدىغان بەزى ئالاھىد-

---

① ئۆتكەن ساندا.

لىنكلەر: ayin غا قارىغاندا ayi كۆپ ئىشلىتىلگەن، بولۇپمۇ ئىككىنچى مەدھىيىنىڭ رىتىم ئورنىدا شۇنداق. سۆز بىرىكمىسى «كېيىك تاغى» (Keyik tagi) (6570 ـ، 6617 ـ بېيىتلار) بۇ يەردە «Wild mustang» (ياۋا ئات) (ئەمما 5375 ـ بېيىتتىكى تاغى tagi غا دىققەت قىلىڭ) دەپ تەرجىمە قىلىنىدى؛ «ئىت» ئۈچۈن «ئىت» (مەسىلەن، 5379 ـ، 6194 ـ، 6364 ـ 66 ـ بېيىتلار، ئادەتتە بىر خىل ئوۋ ئىتىنى كۆرسىتىدۇ) ئەمەس، بەلكى «كۆپەك» (Kopek) ئىشلىتىلگەن (6601 ـ بېيىت، Cur[1] دەپ تەرجىمە قىلىنىدى).

يەنە بىر تەرەپتىن سۆزلۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمى، تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇم ئالاھىدىلىكلەر مەدھىيىلەر ۋە ئاساسلىق تېكىستكە ئورتاقتۇر. «قېرىلىقتا ئېچىنىش» (بىرىنچى مەدھىيىنىڭ تېمىسى) يەنە ئەسەرنىڭ كىرىش سۆز شەكلىدىكى بابلىرىنىڭ ئاخىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ (363 ـ 75 بېيىتلار)؛ باشقا بىرى سەكراتتا ياتقان ئايتولدىنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلگەن (1098 ـ ۋە كېيىنكى بېيىتلار)؛ يەنە باشقا بىرى ئۆگدۈلمىش ئۆتكەن ھاياتى ئۈچۈن تۆۋە قىلىش مەقسىدىدە بولغاندا ئۇنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلگەن (5637 ـ 43 ـ بېيىتلار). «زاماندىن نارازى بولۇش» (ئىككىنچى مەدھىيىنىڭ تېمىسى) ئاساسلىق تەسۋىرنىڭ ئاخىرىدا، خاتىمىدىن سەللا بۇرۇن ئۇچرايدۇ (6451 ـ 94 ـ بېيىتلار).

شۇڭا بۇ ئىككى مەدھىيىنىڭ يۇسۇپ تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا ھېچقانداق سەۋەب يوق. يۇسۇپ ئۇلارنى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تېكىستى ئىچىگە قوشۇشنى ئويلىغانمۇ-يوق، ياكى قاھىرە نۇسخىسى (ياكى ئۇنىڭ پروتوتىپى) نىڭ كۆچۈرگۈچىسى شۇنداق قىلىشنى قارار قىلغانمۇ ـ قانداق؟ دېگەنلەر توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىشقا ئىمكان يوق.

تېكىستكە قوشۇلغان باشقا ئىككى قوشۇمچە روشەنكى كېيىنكى ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان، شۇڭا قوشۇمچە I گە بېرىلدى. بۇلار «قۇتادغۇبىلىك»تىن بەلكىم بىر ئەسىر كېيىن يېزىلغان نەزمىي پرولوگ (77 ـ بېيىتلار) ۋە شۇ نەزمىي پرولوگنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى بولغان نەسرىي پرولوگلاردۇر. (بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قولىيازمىلاردا دەسلەپتە نەسرىي پرولوگ، ئاندىن نەزمىي [B قولىيازمىدا قىسقارتىۋېتىلگەن] پرولوگ كېلىدۇ، ئاندىن باب ئىسىملىرىنىڭ مۇندەرىجىسى؛ ۋە ئاخىرىدا ئەسەرنىڭ تېكىستى كېلىدۇ.)

نەزمىي پرولوگنىڭ ئاپتورى ئەسەرنى ئەنئەنىۋى مەنىدىكى ھۆكۈمدارلار ئەينىكى، دەپ چۈشەنگەن. ئودغۇرمىش ۋەكىللىك قىلغان قاراش «قانائەت» دېيىلگەن (66: قانائەت ۋە ئافىيەت؛ 71: قانائەت). بۇ چوقۇم تېكىستتىكى 357 ـ بېيىتنى خاتا ئوقۇشتىن كېلىپ چىققان. تېكىستنىڭ شۇ قىسمىدا يۇسۇپ ئودغۇرمىشنىڭ ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاقىۋىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويغان. ھەتتا قولىيازمىلارنىڭ بىرى (B) دە پاراۋانلىق (ئافىيەت) دەپ بېرىلگەن. ئوخشاش ھالدا، نەزمىي پرولوگنىڭ ئاپتورى چوقۇم «ئافىيەت» دەپ ئوقۇغان ۋە ئۇنى «قانائەت ۋە ئافىيەت» كە كېڭەيتكەن (ۋەزىن ئۈچۈن قىسقارتىلغان). نەسرىي پرولوگ پەقەت «قانائەت» (30 ـ بېيىت) نىلا ساقلاپ قالغان.

يەنە بىر ئانچە چوڭ بولمىغان ئۆزگىرىش ئاپتورنىڭ تېكىست (88 ـ بېيىت) تە تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان دەپ بېرىلگەن ھىمايىچىسىنىڭ ئىسمىدا كۆرۈلىدۇ، نەزمىي پرولوگ (60 ـ بېيىت) دا تاۋغاچ قارا بۇغراخانلار خانى، دەپ بېرىلگەن؛ نەسرىي پرولوگ (25 ـ قۇر) دا ئاددىيلا تاۋغاچ بۇغراخان، دېيىلگەن.

نەزمىي پرولوگنىڭ ئاپتورى باشقا مۇھىم پېرسوناژلار ۋەكىللىك قىلغان باشقا ئۈچ خىل

---

① Cur ـــ ۋەھشى ئىتنى كۆرسىتىدۇ.

قاراش ئۈچۈن بېرىلگەن ئابستراكت تۈركچە سۆزلەر ئۈچۈن شۇلارغا تەگداش ئەرەبچە ياكى پارسچە سۆزلەرنى قوشقان (64 ـ ۋە كېيىنكى بېيىتلار). ئاخىرىدا شۇنىڭغا دىققەت قىلىش مۇمكىنكى، نەزمىي پرولوگدىكى ئىككى شېئىر (70 ـ، 77 ـ بېيىتلار) دا ۋەزىن ئاجىزلىقى بار.

«تەرجىمان ئاپتورغا ئوخشاش بولۇشى كېرەك؛ ئاپتوردىن ئېشىپ چۈشۈش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس» دېگەن دوكتۇر جونسون (DR. johnson). مەن ئاساسلىقى ئىزچىللىق ۋە ئوقۇشچانلىقنى مەقسەت قىلدىم. پروزىنىڭ لوگىكىسى شېئىرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ؛ ھازىرقى زامان ئىنگلىز پروزىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى، ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك شېئىر بېيىتلىرىنىڭكىدىن ئاز. شۇڭا، يۈسۈپ ئىپادىلەشكە تىرىشقان مەنىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق نەرسىنى قىسقارتماسلىق بىلەن بىرگە مەن قۇر توشقۇزىدىغان مۇناسىۋەتسىز يەرلەرنى ئىككىلەنمەيلا قىسقارتىۋەتتىم؛ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ۋە بەزىدە پۈتكۈل بېيىتلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇردۇم؛ يۈسۈپنىڭ سۆزلىرى ئۇزىراپ كەتكەن يەرلەرنى قىسقارتتىم ۋە ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرى ئېنىق بولمىغان يەرلەرنى ئۇزارتتىم. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەن بىلمىدانلىق بىلەن سۆز قىستۇرۇش ۋە تىرناقلار — بۇلار ئوقۇرمەنلەرنى مەنىدىن يىراقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ — دىن ساقلاندىم. مەسىلەن، ئەگەر 2715 ـ بېيىتنىڭ تەرجىمىسى: «قىلىچتىن (قىزىل) قان تامغاندا پادىشاھ زېمىنلارنى بويسۇندۇرىدۇ؛ قەلەمدىن قارا (سىياھ) تامچىغاندا ئۇ ئالتۇنغا ئىگە بولىدۇ (ئەدەبىي، ئالتۇن كېلىدۇ).» دېگەن ھالەتتە كۆرۈلسە بۇ تەرجىمىنى ھېچقانداق ئەمەلىي مەقسەت ئۈچۈن قىلىنغان دېگىلى بولمايدۇ. تېكىست قوشۇمچە ئېلېمېنتلاردىن بېشارەت بېرىدۇ. مېنىڭ ھۆكۈمۈم شۇكى، ئوقۇرمەننى قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرغاندىن كۆرە، نېمىدىن بېشارەت بېرىلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈش كېرەك. بىز تېكىستتىن بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئېرىشىدىغىنىنىڭ ئىككى پارچە رەخت ئىكەنلىكىنى ئوقۇيمىز؛ 1238 ـ بېيىتتا بۇ خىل ئېيتىش دەسلەپتە ئوتتۇرىغا چىققاندا مەن چۈشەنچە (ياكى تىرناق) بەرمەيلا «ئۇنىڭ كېپەنلىكى ئۈچۈن» دەپ قوشۇپ قويدۇم. تۆتلۈكلەرنى شېئىرىي شەكىلگە تەرجىمە قىلىشتا، گەرچە ئۇلار ئەسلى تېكىستتە رېتىم شەكلى (بىردەك abaa) جەھەتتىنلا پەرقلەنسىمۇ، مەن ئۇلارنى ئەتراپىدىكى تېكىستتىن پەرقلەندۈرۈشنى كۆزدە تۇتتۇم. گەرچە ھەر دائىم تېكىستكە سادىق بولۇشقا تىرىشساممۇ، بۇ رۇبائىيلارنى تەرجىمە قىلىشتا زۆرۈر ھالدا ناھايىتى ئەركىن بولدۇم.

يۈسۈپنىڭ شېئىرىنىڭ مەنىسى سۆز ئوينىتىشقا تايانغان ئەھۋاللاردا بۇ تەرجىمىنىڭ گەۋدە قىسمىدا كۆرسىتىلدى [106]. غەرب ئوقۇرمىنىگە چۈشىنىكسىز بولسىمۇ، ئەمما ھەربىر مۇسۇلمان ئوقۇرمەنگە تونۇش بولغان، قۇرئاندىن ئېلىنغان نەقىللەر ۋە باشقا نۇقتىلاردىن تەركىب تاپقان چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئىزاھاتلار ئىمكانقەدەر ئەڭ ئاز بېرىلدى.

**ئىزاھاتلار:**

① ۋ. بارتولد: «‹قۇتادغۇبىلىك›تە تىلغا ئېلىنغان بۇغراخان»، BSOS 3 (1923ـ25): 151 ـ 58.

②EI²، «ئىلىك خانلار» (بوسۋورس)؛ ئو. پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» ZDMG 101 (1951)، 270 ـ 300.

③ دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك. «كاشغەرىنىڭ ئەسىرىنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسى نەشر قىلى-

قىش ئۇستىدە» (I بۆلۈم: داكسبۇرى، ماساچۇستىس، 1982).

④ ئى. برنبائۇم: «تۇرمۇش قوللانمىسى: 〈قابۇسنامە〉نىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۈركچە نۇسخىسى؟»، «تۈرك تەتقىقاتى ژۇرنىلى» 1 (1977): 3 ـ ۋە كېيىنكى بەتلەر؛ «نەسىھەتنامە» (تۈزگۈچى: ئى. بېرنبائۇم) (داكسبۇرى، ماساچۇسېتس، 1981).

⑤ ر. دانكوف: «موڭغۇللار دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئىچكى ئاسىيا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم ئەنئەنىسى»: JAOS 1/101 (1981): 87 ـ 95.

⑥ ۋ. ك. سىمپسون تۈزگەن: «قەدىمكى مىسىر ئەدەبىياتى» (يېل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1973)، 182 ـ 183، «مەرىكارەگە دەرس».

⑦ ج. ب. پرىتچارد تۈزگەن: «كونا ئەھدىنامىگە مۇناسىۋەتلىك يېقىن شەرق تېكىستلىرى» (پرىنستون، 1955)، 426؛ ئېسا خارددون ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 680 ـ 669).

⑧ پادشاھ = قۇياش توغرىسىدا ئا. م. خوكارتنىڭ «پادىشاھلار ۋە مەسلىھەتچىلەر» ناملىق ئەسىرىگە سېلىشتۇرۇڭ (قاھىرە، 1926؛ يېڭى نەشرى. چىكاگو، 1970) 85، 96، 139 ـ ۋە كېيىنكى بەتلەر. 151، 207، 279.

⑨ 1. 32 ـ 42؛ ھ. فرانكفورتنىڭ ئەسىرىدە نەقىل ئېلىنغان «پادىشاھلىق ۋە خۇدالار» (چىكاگو، 1948)، 308.

⑩ فرانكفورت، 57، 150 ـ 51، 344.

⑪ گ. ۋىندېنگرېن «مۇقەددەس پادىشاھلىق» دىكى «ئىراننىڭ مۇقەددەس پادشاھلىقى» غا قاراڭ. «دىنلار تارىخى تەتقىقاتى» … نۇمىن، تولۇقلىما 4 (لايدىن، 1959)، 242 ـ 57 غا، ر. فراي «پېرسىيەنىڭ مىراسى» غا سېلىشتۇرۇڭ (نيو ـ يورك: مېنتور، 1966)، 120؛ ۋ. نائۇس: «قەدىمكى ئىرانچە ھاكىمىيەت ئىدىئالى» (ۋىسبادىن، 1975) كۆپ يەردە ئۇچرايدۇ.

⑫ گرېك تىلىدىكى aura ئاككادىيان تىلىدىكى melammu غا، كونا پارس تىلىدىكى xyarena (يېڭى پارس تىلىدىكى farr) غا، ئەرەمەي تىلىدىكى gadda de malka غا توغرا كېلىدۇ (ئا. ل. ئوپپېنھايىم، «قەدىمكى مىسوپوتامىيە»، چىكاگو، 1964، 98 ـ، 181 ـ ۋە كېيىنكى بەتلەر؛ فراي، 64 گە قاراڭ). تۈركچە «قۇت» ئاشۇ سۆزگە تەڭداش كېلىدۇ: ئا. بومباچىنىڭ، «قۇتلۇق بولسۇن!» غا قاراڭ، UAJ 36 (1965): 284 ـ 91؛ 38 (1966): 13 ـ 14.

⑬ ل. ك. بورن: «خرىستىئان ھۆكۈمدارىنىڭ تەربىيىلىنىشى … ئېراسمۇس» تا نەقىل ئېلىنغان مەتن تەرجىمە (نيو ـ يورك، 1936)، 72.

⑭ «فۇئاد كۆپرۈلۈ مۇكاپاتى» دىكى ئا. بومباچىنىڭ «〈قۇتادغۇبىلىك〉 ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر» ناملىق ئەسىرىدىكى نەقىلگە قاراڭ (ئىستانبۇل، 1953)، 72. شېكسپىرنىڭ «ھېنرى V» ناملىق ئەسىرىدىكى يۇمۇرلۇق تەسۋىرگە سېلىشتۇرۇڭ، 29 :6 .3 ۋە كېيىنكى بەتلەر: «قۇت قارىغۇ، كۆزلىرىگە ياغلىق تارتىلغان ھالدا سىزىلغان بولۇپ، ساڭا قۇت قارىغۇ بولىدۇ، دېگەننى بىلدۈرمەكچى؛ ئۇ يەنە چاقلىق قىلىپ سىزىلغان، ساڭا بىلدۈرمەكچى بولغان مەنىسى ئۇنىڭ ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقى، تۇراقسىزلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى، تۇترۇقسىزلىقى: قارا، ئۇنىڭ پۇتى يۇملاق تاشنىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن، يۇملاق تاش دومىلايدۇ، دومىلايدۇ، دومىلايدۇ: راستىنى ئېيتقاندا، شائىر ئۇنىڭ ئېسىل تەسۋىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ: قۇت بىر ئېسىل مەسەل». چاقنىڭ قوشۇمچە ئىلمىنى، قۇتنىڭ غەربتىكى

ئەڭ ئومۇمىي سىمۋولى، روشەنلىكى بوتيۇس (6 - ئەسىر) نىڭ ئىجادىيىتى؛ گەرچە ئۇ ئىسلامدا قۇت ياكى تەقدىر (ئەرەبچە «دەۋر»، «دەھر»، «دەۋلە»، «فەلەك»، «دۇنيا»؛ پارسچە «چەرخ» قاتارلىقلارغا سېلىشتۇرۇڭ) گە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالەمنىڭ چۆرگىلىشىگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن يېقىن شەرقتە ئۇچرىمايدۇ.

⑮ بۇ نۇقتىدا س. د. گويتېيىن: «ئىسلام تارىخى ۋە تۈزۈلمىلىرى تەتقىقاتى» (لايدېن: بىرىل، 1968)، 200 - ۋە كېيىنكى بەتلەر. تىپىك مىسالى قەدى ئەل - نۇئمان يازغان «ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكلىرى» گە مۇجەسسەملەنگەن 10 - ئەسىرگە تەۋە فاتىمىد «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (گ. سەلىنگىر «مۇسۇلمانلار دۇنياسى» 46 [1956]، 26 - 27): «ياكى سېنى خۇدانىڭ ھوقۇقىدىن باشقا بىرىنىڭ ھوقۇقىغا يۆتكىۋېتىدىغان قۇتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلامسەن؟ ... ھېچقانداق نەرسە جاھىللىق بىلەن پۇقرالارنى ئېزىشتىن بەكرەك خۇدانىڭ شاپائىتىنى يوقىتىپ تېزلا ئۇنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىيالمايدۇ.»

⑯ م. بويسى: «تانسارنىڭ خېتى»، رىم شەرق يۈرۈشلۈك ئەسەرلىرى، 38 (رىم، 1968).

⑰ ئا. كىرىستىنسىن: «دانىشمەن بۈزرۈكمىھرنىڭ رىۋايىتى»

⑱ مىسكەۋەي (ۋاپاتى 1030)، «ئەل ھىكمەتۇل خالىدە» [جاۋىدان خىرەد]، تۈزگۈچى: ئا. بەدەۋى (قاھىرە، 1952).

⑲ فىردەۋسى: «شاھنامە» (تۈزگۈچى مول) (Mohl)، 4: 36 ۋە كېيىنكىلەر، كىرىستىنسىنغا ئاساسلانغاندا، 120 - 21؛ «جاۋىدان خىرەد»، 33.

⑳ كىرىستىنسىن، 104 - ۋە كېيىنكى بەتلەر.

㉑ بۇ ئەنئەنىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەسەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 321 - يىلى كاۋتىلىيا ماۋرىيا خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئۈچۈن يازغان «ئارساشاسترا» ناملىق ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماۋرىيالار ھىندىستاندىكى تۇنجى مەركەزلەشكەن سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچتۇر؛ ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ئالېكساندىرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە غەربىي شىمالدا ھېللىنىزم ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقتىن كېيىنكى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىشىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «ئارساشاسترا» ئۆز نۆۋىتىدە، بولۇپمۇ پادىشاھلىق ھوقۇقىنى مەدھىيىلەش ۋە بىر مۇرەككەپ بيۇكراتىيىنى ئىنچىكە تەسۋىرلىشىدە ھېللىنىزم ۋە پارس تەسىرلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

㉒ بىر پارچە داغلىق ماقالىدە ئىبن ئەل - مۇقەففا خەلىپىنى خانلىقتا بىرلىككە كەلگەن دىنىي قانۇن ئورنىتىشقا ھەم ئارمىيىسى ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن مائارىپ سىستېمىسى قۇرۇشقا چاقىرغان؛ بۇ پىلان تاكى سەلجۇقىيلار سۈننى ئورتودوكسىيىسى بايرىقى ئاستىدا ئۆز خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچىنى پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغانغا قەدەر ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشمىدى، گويتېيىن: «تەتقىقاتلار»، 149 - 67. «خەلىپىنىڭ مەسلىھەتچىسى» (ج. پېللات تەرجىمىسى) (پارىژ، مېينوسونو، 1976).

㉓ «ئىسلام كۇلتۇرى» (ج خورروۋىتىز تەرجىمىسى) 4 (1930): 171 - 98، 331 - 62، 487 - 530؛ 5 (1931): 1 - 27، 194 - 224.

㉔ «كىتابۇل تاج» (ج. پېللات تەرجىمىسى) (پارىژ، 1994).

㉕ يۇقىرىقى 18 - ئىزاھاتقا قاراڭ؛ يەنە ۋ. ب. خېنىنىڭ: «ئوتتۇرا پارس تىلىدىكى بىر پارچە ھېكمەتنامىسىنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى» ZDMG 106 (1956): 73 - 77. تەرجىمە قىلغۇچى: م. س. كان، «مىسكەۋەينىڭ جاۋىدان خىرەدى»، «ئىسلام مەدەنىيىتى»

4 (1930) : 35 (1961) : 238 ـ 43.

㉖ بۇ ژانىرنىڭ مىسالى: س. ئى. بوسۋورس «دەسلەپكى ھۆكۈمرانلار ئەينىكى: تاھىر دۇ ـ ل يامىنەيىننىڭ ئوغلى ئابدۇللاغا يازغان خېتى (821/206)». JNES 29 (1970)؛ 25 ـ 41؛ م. نازىم: «سابۇفتېكىننىڭ پەندنامىسى»، JRAS، 1993، 605 ـ 28.

㉗ ئەل ـ مەۋەردى، «نەسىھەتۇل مۇلك»، 1085/450 يېزىلغان؛ نەشىر قىلىنمىغان (GAL 1:483) گە قاراڭ).

㉘ گ. رىشتىر: «قەدىمكى ئەرەبچە ھۆكۈمرانلار ئەينىكى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (لايپتسىگ، 1932؛ قايتا نەشرى. نىيو ـ يورك، 1968)؛ ئا. ھ. داۋۇد: «ھىجرىيە 2 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئەرەب ۋە پارسچە ھۆكۈمرانلار ئەينەكلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» (نەشىر قىلىنمىغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى، لوندون، 1965)؛ ئې. ئى. ج. روسېنسال: «ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىدىكى سىياسىي تەپەككۇر». (كامبرىج، 1968) 62 ـ 83؛ ھ. بۇسە: «ئىسلامدىكى ھۆكۈمرانلار ئەينىكى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئېتىكىسى»، بوستان، 1/9 (1968) : 12 ـ 19؛ ئا. ك. س. لامبتون، «ئىسلامچە ھۆكۈمرانلار ئەينەكلىرى»، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى پېرسىيە» (رىم، 1971)، 419 ـ 42 [لىنسىي دۆلەتلىك ئاكادېمىيىسى، كۇۋادرنو 160].

㉙ ر. دانكوف: «ئارمىيە قوماندانىدىكى ھايۋاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى»

㉚ «بىر ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» (ر. لېۋي تەرجىمىسى) (نىيو ـ يورك، 1951).

㉛ «سىياسەتنامە» (ھ. دارك تەرجىمىسى) (لوندون، 1960؛ ئىككىنچى نەشرى، 1978).

㉜ «ئەل غەزالىنىڭ ‹نەسىھەتۇل مۇلك›ى» (ف. ر. باگلى تەرجىمىسى) (ئوكسفورد، 1964).

㉝ يۇقىرىقى 28 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ؛ يەنە ئا. ك. س. لامبتون: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارسچە پادىشاھلىق نەزەرىيىسىدە ئادالەت»، «ئىسلام تەتقىقاتى» 17 (1962) : 91 ـ 119. ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە تەۋە ئىككى مىسال: ئا. تىتىز: «مۇستافا ئەلىنىڭ 1581 ـ يىلدىكى سۇلتانلارغا نەسىھىتى»، 1 ـ بۆلۈم (ۋېنا، 1979)؛ ۋ. ل. رايت: «ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق سەنئىتى: ۋەزىرلەر ۋە ھۆكۈمرانلارغا نەسىھەتنامە» [سارى مەھمەد پاشا: «نەسىھەتۇل ۋۇزرا ۋە ئۇمەرا»، C. 1720] (پرىنستون، 1935).

㉞ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك «تۆر» ۋە «ئەل»، يەنى ئاقساقالنىڭ تۆرالغۇسىنىڭ ئېسىل ۋە پەس قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق (262 ـ 63، 614، 844، 2253). مېنىڭ «موڭغۇللار دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئىچكى ئاسىيا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم ئەنئەنىسى» ناملىق ئەسىرىمدىكى مۇلاھىزىگە قاراڭ، JAOS 101/1 (1981)، 91 ـ 92.

㉟ بۇ تېمىلار ھەققىدىكى تولۇقراق مۇھاكىمە ئۈچۈن، خ. ئىنالچىقنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› تە تۈرك ۋە ئىران سىياسەت نەزىرىيىسى ۋە ئەنئەنىلىرى» گە قاراڭ، «رەشىد رەھمەتى ئارات ئۈچۈن» گە كىرگۈزۈلگەن (ئەنقەرە، 1966)، 259 ـ 71. ئىنالچىقتا ئاساسلانغاندا، تۈركىي ئەنئەنىدە ھۆكۈمران ئاددىيلا ئادالەت يۈرگۈزمەيدىكەن، ئادالەت يۈرگۈزۈش ئۇنىڭ ئالىيجاناپلىقىغا تايىنىدىكەن (ئىرانچە ئۇقۇم)، بەلكى يەنە بىر قاتار ئوبيېكتىپ قائىدىلەردىن تەركىپ تاپقان ئەنئەنىۋى قانۇن (تۆرۈ) تەرىپىدىن چەكلىنىدىكەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە بۇ خىل پەرقنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكى گۇمانلىق. «قۇتادغۇبىلىك» تە «تۆرۈ» «كۆنىلىك» نىڭ مەنىداش سۆزى بولۇپ، ھەم پەقەت «ئادالەت» نىلا بىلدۈرىدۇ. (مەسىلەن 335،

www.uyghurkitap.com


800، 2058 [ئىنالچىق مۇھاكىمە قىلغان «باراۋەرلىك چەمبىرىكى»، 263 ـ بەت] قاتارلىقلار). يەنە ھۆكۈمران ياخشى ياكى يامان قانۇن يۈرگۈزۈش قۇدرىتىگە ئىگە. يەنە بايانلار ئۈچۈن م. گرىگناشى قەشقەردىكى: «قاراخانىيلار مۇنارخىيسى ۋە ‹قۇتادغۇبىلىك›تىكى شەخسىي بېقىنداشلىق مۇناسىۋىتى ...» غا قاراڭ، «ژان بودىن جەمئىيىتىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى» 20 (1970): 515 ـ 626.

㊱ ئۇ ئالېكساندىرغا مۇنداق دەپ يازغان: «كەڭ قورساق بولۇش ئارقىلىق ئاقسۆڭەكلىرىڭنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىش. ئادالەت ئارقىلىق پۇقرالىرىڭنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىش.». د. گۇتاس: «ئەرەبچە تەرجىمىدىكى گرېك ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم ئەدەبىياتى» (نيۇ خەيۋىن، كوننېكتىكۇت، 1975)، 183 ـ بەت.

㊲ ف. روسىنتال: «ئىسلامدىكى سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ھەققىدە تۆت ماقالە» (لايدىن، 1971)، 10 ـ بەت. 16 ـ بەتكە سېلىشتۇرۇڭ: تاشقى گۈزەللىك ۋە خاراكتېر گۈزەللىكى تەڭ ماڭىدۇ، دېگەن قاراش پلاتوننىڭ دەپ قارالغان («قۇتادغۇبىلىك» 2216 ـ بېيىتقا سېلىشتۇرۇڭ). يەنە: [ئارىستوتېل:] «ئائىلىسى ياكى بالىسى يوق ئادەمنىڭ نامى ھەم ئەۋلادى بولمايدۇ» غا قاراڭ (گۇتاس 187؛ «قۇتادغۇبىلىك» 3375 ـ بېيىتقا سېلىشتۇرۇڭ).

㊳ ف. روسىنتال: «ئەبۇل فاراي ئىبنى ئەت ـ تەييىبقا ئاساسلانغاندىكى سىبىسىنىڭ جەدۋىلىنىڭ سىمۋولىزىمى» «ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى ... ئاناۋا ۋە گاردېت ...» (لوۋىن، 1977)، 281.

㊴ ئو. ئالبېرتىس: «ئۇيغۇر ـ تۈرك دىئالېكتىدا يېزىلغان ‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ ئاپتورى ... ئىبنى سىنانىڭ ئوقۇغۇچىسى»، «پەلسەپە تارىخى ئارخىپلىرى»، S. n. 7 (1901): 319 ـ 36.

㊵ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 328.

㊶ ئەدەب ئەل ـ دۇنيا ۋە ـ ل ـ دىن، م. ئەل ـ ساقا تۈزگەن (قاھىرە، 1393/1973)، 20 ـ ۋە كېيىنكى بەتلەر.

㊷ مەن ھازىر ئۆگدۈلمىش ئوبرازى پەيلاسوپ ـ پادىشاھنىڭ قانۇن يۈرگۈزگۈچى ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىمگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى — مۇسۇلمان نىئو ـ پلاتونىستلار (بولۇپمۇ ئەل فارابى ۋە ئىبنى سىنا) غا ئاساسلانغاندا بۇ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم مۇھەممەد پەيغەمبەردە مۇكەممەل ئىپادىسىنى تاپقان ـ ھەم بۇنىڭ روشەن ھالدا مۇھەممەدنىڭ ئىسمىنىڭ بىر تەرجىمىسى بولغان ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىسمىنى چۈشەندۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلگىرى ئۆزۈم ياقىلىغان قاراشتىن ۋاز كەچتىم. («ئۆگ»، «مەدھىيىلەش» تۇر، ئەمما بۇ يەردە چوقۇم «ئۆگ»، يەنى «قەلب» بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆز ئويۇنى قىلىش بار.) يۈسۈپ پەقەتلا ئۆگدۈلمىشنىڭ «ئەقىل» گە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنىلا ئېيتىدۇ (365). ئۇنىڭ مۇھەممەدكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قاراش س. چاغاتاي تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان («قۇتادغۇبىلىك» تە ئۆگدۈلمىش)، «تۈرك كۇلتۇرى» 98، ئارالىك 1970، 107. فرانز. روسىنتال شۇنداق يازىدۇ (1978 ـ يىلى 29 ـ يانۋاردىكى خۇسۇسىي خەت): «گەرچە مۇھەممەدنى پەيلاسوپلارنىڭ نەزىرىدىكى پەيلاسوپ پادىشاھ دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشلارنىڭ قۇرۇلمىسىدا خېلىلا كىچىك رول بېرىش مۇمكىن ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا گۇمانىم بار. قارىشىمچە، مۇھەممەدنى قارىماققا ئۇ ‹قۇتادغۇبىلىك› تە ئىگىلىگەن ئورۇنغا قويۇش ئىنتايىن بىدئەت مەزھەپلەرنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ.»

㊸ ھ. ۋامبېرى: «ئۇيغۇر تىلى نامايەندىلىرى ۋە ‹قۇتادغۇبىلىك›» (لايپتسىگ،

1870) ؛ ۋ. رادلوۋ تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىك». «ۋېنا ك. ك خوف كىتابخانىسىدىكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىنىڭ فاكسىملى» (سېنت پېتېربورگ، 1890) ؛ ۋ. رادلوۋ: «بالا ساغۇنلۇق يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك›ى» I قىسىم: ترانسكرىپسىيەدىكى تېكىست. I قىسىم: ۋېنا ۋە قاھىرەدىكى قولىيازما ئاساسىدىكى تېكىست ۋە تەرجىمە (سېنت پېتېربورگ، 1891، 1910).

㊹ ر. دېۋېرو: «يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ‹قۇتادغۇبىلىك›» مۇسۇلمانلار دۇنياسى 51 (1961) : 299.

㊺ س. چاغاتاي: «‹قۇتادغۇبىلىك› تە ئۇدغۇرمىش ئوبرازى» TDAY - ئىلمىي ژۇرنىلى، 1967، 39 - 49 گە سېلىشتۇرۇڭ، دېۋېرو، 303؛ بومباچى، «قۇئاد كۆپرۈلۈ مۇكاپاتى»، 75 - بەت؛ ئى. كافېسوغلۇ: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە كۇلتۇر تارىخىمىزدىكى ئورنى»، «تارىخ ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى» 1 (1970) : 11.

㊻ مەن بۇ مۇنازىرىنى ئەڭ قايىل قىلارلىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتىم. چاغاتاينىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ ئۆگدۈلمىش توغرىسىدىكى ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن پروفېسسور بېنزىڭنىڭ ئۇنىڭغا ئۆگدۈلمىش= مۇھەممەدنى تەڭ دەپ قاراش پىكرىنى بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ («ئۆگدۈلمىش» 107) ؛ گەرچە ئۇ پىكرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى قالدۇرۇپ قويغان. چۈنكى بۇ يەردە ئۆگدۈلمىش ئۆزىنىڭ تۆۋە قىلىش مۇددىئاسى توغرىلىق ئۇدغۇرمىشنىڭ نەسىھىتىنى ئىستىگەن چاغدىكى ئاخىرەتكە نىسبەتەن چۈشكۈنلۈكى مەسىلىسى بار. چاغاتاينىڭ مۇنازىرىسى ئۇ دۇنيالىقلىقنى ھەقىقىي ئىسلام روھىغا يات دەپ قارايدىغان، پۈتۈنلەي بۇ دۇنيانى نىشان قىلغان ئىسلام ھەققىدىكى قاراشقا ئاساسلانغان.

㊼ «ئۇدغۇرمىش» 46.

㊽ چاغاتاينىڭ قاراشلىرىنىڭ ئەڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتكىنى (يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 45) ئۇدغۇرمىشنىڭ مۇرىتى قۇمارۇنىڭ ئىسمىنىڭ بۇددانىڭ شاگىرتى ئاناندانىڭ تىبەتچىدىكى شۇنىڭ بىلەن تەڭداش «كۈن گا ۋۇ»نى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىدۇر. ئۇ يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قانداق قىلىپ بۇ پاكىتتىن خەۋەردار بولۇش مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى ھەم بۇ ئىسمىنىڭ ئاللېگورىيىلىك مەنىسى بارلىقى ۋە پۈتۈن ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى كونتېكستىدا چۈشىنىش كېرەكلىكىنى بىلەلمىدى (ئاستىغا قاراڭ، «ئەسەر ھەققىدە تەھلىل ۋە چۈشەنچە»).

㊾ مەسىلەن، «جاۋىدان خىرەد» كە ئاساسلانغاندا بۇزرۇكمېھر شۇنداق نەسىھەت قىلغان، 29. يەنە: [سوقرات:] «سېنىڭ ئۈچ كۆڭلىكىڭ قالدى»غا قاراڭ (گۆتاس، 115؛ سېلىشتۇرۇڭ. «قۇتادغۇبىلىك» 3605 - بېيىت ۋە كېيىنكىلەر). لاڭلاندىنىڭ «دېھقان پايىرس» ناملىق ئەسىرىدە خولى چۆرچ[1] خانىم ۋىل[2] نىڭ چۈشىدە ئۇنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ (ج. ف. گۇدرىچ تەرجىمە قىلغان، پېنگۇئىن كىتابلىرى، 1959، 33) : «تېنىڭگە ھەرگىز ئىشەنمە، چۈنكى ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرى بۇ دۇنيادىن كەلگەن. دۇنيا ساختىپەز، سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. تەن ۋە ئالۋاستى بىرلىشىپ روھىڭنىڭ ئىزىغا چۈشۈۋالىدۇ ھەم يۈرىكىڭگە رەزىل ئىشلارنى سۆزلەيدۇ، مەن سىنى ھوشيار بولسۇن، دەپ نەسىھەت قىلىۋاتىمەن» («قۇتادغۇبىلىك» 3598 - 90 غا سېلىشتۇرۇڭ).

㊿ EI², «بىلاۋار ۋە بۇراساف» ناملىق ماقالىگە قاراڭ (د. م. لاڭ).

---

① خولى چۆرچ (Holy church) نىڭ مەنىسى «مۇقەددەس چېركاۋ» دېگەنلىك بولىدۇ.
② ۋىل (Will) «ئىرادە»، «ۋەسىيەت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



(51) د. م. لاگىنىڭ ئەسىرىدە نەقىل ئېلىنغان، «بىلاۋارنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىمى: بۇددانىڭ خرىستىئانچە رىۋايىتى» (نيو - يورك، 1957)، 19.

(52) ئې. رېخاتسېك تەرجىمە قىلغان «پادىشاھنىڭ ئوغلى ۋە زاھىد ھەققىدىكى كىتاب» JRAS، 119 - 55؛ د. گىمارېت، «بىلاۋار ۋە بۇداساق ھەققىدە كىتابنىڭ ئەرەب ئىسمائىلىيە نۇسخىسى» (جەنۋە - پارىژ، 1971).

(53) د. گىمارېت: «ئەرەب ئەنئەنىسىدىكى بىلاۋار ۋە بۇداساق ھەققىدىكى كىتابنىڭ تەسىرى ۋە ئوخشاشلىقلىرى» 24BEO (1971) : 132. گىمارېتكە ئاساسلانغاندا سىرلىقلىق مەزمۇندا ئەمەس، بەلكى ئاھاڭ ۋە كەيپىياتتا ئىكەن — قەست ۋە دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك زىيانكەشلىككە ئۇچراش خەۋپىدە قالغان بىر تەقۋادار ئادەمنىڭ ھېكايىسى، ئۇ خەتەرلىك مۇھىتتا تۇرغان، نىقاپلىنىۋالغان بىر دانىشمەن بولۇپ، ئۇ پادىشاھ بىلەن كېچىدە ئىنتايىن مەخپىي ھالدا كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ ئەقىدىلىرىنى پادىشاھقا يەتكۈزىدۇ، قاتارلىقلار.

(54) ھارۇن ئەل رەشىد ۋە ئۇنىڭ زاھىد ئوغلىنىڭ ھېكايىسى (401 - كېچە؛ بۇرتون تەرجىمە قىلغان. 111:5 ۋە كېيىنكىلەر ؛ «بۇلۇتلار ھۆكۈمرانى» ۋە تەقۋادار پادىشاھنىڭ ھېكايىسى (473 - كېچە؛ بۇرتۇن تەرجىمىسى. 274:5 ۋە كېيىنكىلەر).

(55) س.م. ستېن ۋە سوفىيە ۋالزېر: «بۇددىست ھېكايىلىرىنىڭ ئۈچ ناتونۇش ئەرەبچە نۇسخىسى» (جەنۇبى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1971)، 22—23.

(56) بەدى ئەل زامان فورۇزەنفەر: «ئەھەدىس - ى مەسنەۋىي» (تېھران، 1995/1334)، 7، 168؛ م. شەيبانى (ۋاپاتى 804)، «كىتاب ئەل - كەسىب»، گويتېيىننىڭ ئەسىرىدە نەقىل ئېلىنغان، «تەتقىقاتلار»، 222.

(57) فۇرۇزەنفەر، 11.

(58) فۇرۇزەنفەر، 9؛ ئەل - سۇلامى، «كىتاب ئەدەب ئەل - سۇھبە» (م. ج. كىستىر، ئېرۇسالىم، 1954)، 45؛ ئەل - سەرراج، «كىتاب ئەل - لۇما، فى ل - تەسەۋۋۇف» (ر. ئا. نىكولسون تۈزگەن، لوندون، 1914، قايتا نەشرى. 1963)، 12؛ ئا. شىممىلنىڭ ئەسىرىدە نەقىل ئېلىنغان، «ئىسلامنىڭ مىستىتىزم قاتلاملىرى» (شىمالى كارولىنا نەشرىياتى، 1975)، 112.

(59) ئەل - مەككى، «قۇت ئەل - قۇلۇب» (قاھىرە، 1932/1351)، 3 : 38؛ كەيكاۋۇس ئىبن ئىسكەندەر: «قابۇسنامە» (تېھران، ۋاقتى ئېنىق ئەمەس) سەئىد نەفىسى تۈزگەن، 146=لېۋى، «بىر ھۆكۈمرانلار ئەينىكى»، 194.

(60) فۇرۇزەنفەر، 179.

(61) ئى. گولدزىر: «ئىسلام تەتقىقاتلىرى»، س.م. ستېن، 2 (لوندون، 1971) : 355 - 56.

(62) ئا. گۇۋىللام: «ئىسلامنىڭ ئەنئەنىلىرى» (ئوكسفورد، 1924)، 124؛ ئەل - ھۇجۋىرى، «كەشف ئەل - مەھجۇب» (ر. ئا. نىكولسون تەرجىمە قىلغان، لوندون 1911، 1936، 1959 قايتا نەشرى)، 361.

(63) ئەل غەزالى: «كىتاب ئەدەب ئەل - نىكاھ» («ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» نىڭ 16 - جىلدى؛ قاھىرە، ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، 2 : 38.

(64) بىر تونۇلغان تەمسىل بولۇپ بەزىدە ھەدىس سۈپىتىدە نەقىل ئېلىنىدۇ.

(65) «ئەل غەزالى قېرىنداشلىقنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە»، (م. خوللاند تەرجىمە قىلغان، لوندون، 1975)، 46، 51. (يەنە «قۇرئان» 49 : 9 غا سېلىشتۇرۇڭ).

(66) فۇرۇزەنفەر، 112، 203 ـ 5؛ شىممىل، 107.
(67) فۇرۇزەنفەر، 11؛ ئەل ـ سۇلامى، ئۇيۇب ئەل ـ نەفس ۋە ـ مۇداۋاتۇها، ئې. كولبېرگ تۈزگەن (ئېرۇسالىم، 1979)، 91.
(68) فۇرۇزەنفەر، 108.
(69) م. ج. كىستېر: «چۈش تەبىرى: ئىبن قۇتەيبەنىڭ ‹ئىبارەت ئەل رۇ' يە› سىنىڭ ناتونۇش قولىيازمىسى»، «ئىسرائىلىيە شەرق تەتقىقاتى» 4 (1974): 100.
(70) ئەبۇ ھەييان ئەل تەۋھىدى، «كىتاب ئەل ـ ئىمتە، ۋە ـ ل مۇ' ناسەبە» (ئا. ئەمىن ۋە ئا. ئەل ـ زەين تۈزگەن، بېيرۇت، ئۈچ توم، ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، 115.
(71) فۇرۇزەنفەر، 121 (ئەلىنىڭ دەپ قارالغان).
(72) ئەل ـ غەزالى، «كىتاب دىكىر ئەل مەۋت ۋە ـ مەبە' داھۇ» («ئىھيا ئۇ ئۇلۇمىددىن» نىڭ 40 ـ جىلدى، مىسىر، ۋاقتى ئېنىق ئەمەس) 4: 450.
